2024 مارت

ئومۇمىي 55-سان

# ئۇيغۇرلار

# *The Uyghurs*



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر

1



خىتاينىڭ يادرو «قارا نىيىتى»

42



ئامېرىكا تىك توكنى چەكلىمەكچى

85

ئومۇمىي 55-سان

2024 مارت

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.

6 009800 461091 >




**2024-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنى**

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ماشىنا ئۆگىنىمى ھەققىدە 49

سۈرۈك ۋە ۋەدە 64

ئامېرىكا يەھۇدىي قەتلىئامى
خاتىرە مۇزېيى 69

يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك
ئىنسانلار 67

## ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر
ماھارەتلىرى

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ئامېرىكادىكى تۇنجى ئۇيغۇر
ئىسلام مەركىزى 11

## ئەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى
تىك-توكنى چەكلەشنى تەكرار
ئويلاشماقتا

## گۈلىستان

رومان ۋە تارىخىي رومان 64















## خىتاي تەتقىقاتى

خىتاينىڭ يادرو «قارا نىيىتى»
ھەققىدىكى مۇلاھىزە

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى
مىللىي مەدەنىيەت قورالى ___
نورۇز بايرىمى 73

بۇ جىنايەتلەر ئۇنتۇلمايدۇ 23

## كۆڭۈل ۋە تەن

مېڭە يۇيۇش ۋە قاراڭغۇ
پسىخولوگىيە 21

دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىكى
مۇشكۇلاتلارنىڭ يەتتە خىل
ئۆرنىكى

## تارىخ ۋە بىز

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ
سۈلتانى مۇھەممەتئىمىن
باھادىرخان 60

The Great Courses®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي





# 5 ـ لېكسىيە: جۇغراپىيەگىزنى ـــ يەر شەكلىگىزنى بىلىڭ

دوكتور ستەنلى رىدگلېي

(ئامېرىكا درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

(بېشى ئالدىنقىساندا)

تارىختىكى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ياشاپ ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر مۇتەپەككۇرلار جۇغراپىيەنىڭ كىشىلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرىگە سىجىل تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئەگەر جۇغراپىيە مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بولسا، بىز جۇغراپىيەلىك رېئاللىقتىن پايدىلىنىدىغان ھەرىكەت ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقالامدۇق، يوق؟ بۇ لېكسىيەدە، بىز مىكروجۇغراپىيەنىڭ (micro ـ geography) قارار چىقىرىشىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىپ، توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، فىزىكىلىق بوشلۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ غەلىبە قىلىش پۇرسىتىمىزگە قانداق ياردىمى ياكى توسالغۇسى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز.

### جۇغراپىيەۋى سىياسەت (Geopolitics)

جۇغراپىيەۋى سىياسەت جۇغراپىيەنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ سىياستى ۋە توقۇنۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدىكى سىستېمىلىق تەپەككۇر رامكىسىدۇر. بۇ رامكىنىڭ يادرولۇق قىياسى شۇكى، بىز ياشاۋاتقان فىزىكىلىق دۇنيانىڭ ئۆزگەرمەس ئالاھىدىلىكلىرى ئىنسانلارنىڭ قىلمىشى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، جۇغراپىيە دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە ھەرىكىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ ساھە بەزىدە «جۇغراپىيەگە چوقۇنغانلىق» (geographic determinism) دەپ مەسخىرە قىلىنىدۇ، يەنى ئۇ مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى يەككە ئامىل بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ، دەپ

تەنقىدلىنىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، جۇغراپىيەۋى سىياسەتنىڭ ئادولف ھىتلېرنىڭ ناتسىستچە قارا نىيىتى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇغراپىيەۋى سىياسەت «جۇغراپىيە سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچنىڭ مۇھىم مەنبەسى» دېگەن قاراشنى مەركەز قىلغان.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، جۇغراپىيەۋى سىياسەت ئۇقۇملىرى بىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتتى. بەزى جۇغراپىيەۋى سىياسەت ھەققەتلىرى سۆز-ئىبارىلىرىمىزدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئامېرىكادىكى «دېموكراتىك تەرەققىيات» بەزىدە بۇ ياش دۆلەتنىڭ (تىنچ ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكياندىن ئىبارەت) ئىككى ئوكيان ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ياۋروپا ئەندىزىسىدىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، دەپ ئىزاھلاندى.

جۇغراپىيەۋى سىياسەت ھەتتا بىزنى جۇغراپىيەنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان نېگىزلىك تەسىرى ھەققىدىكى «قانۇنىيەت» ياكى «ھېكمەت»لەر بىلەن تەمىنلىدى. جۇغراپىيەۋى سىياسەت نەزەرىيەچىسى نىكولاس سپايكمەنگە (Nicholas Spykman) كۆرە: «جۇغراپىيە بىر دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى ئەڭ نېگىزلىك ئامىلدۇر، چۈنكى ئۇ ھەممىدىن ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان ئامىلدۇر. مىنىستىرلار كېلىپ-كېتىپ، ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ھەتتا مۇستەبىتلەرمۇ ئۆلىدۇ، ئەمما تاغلار تەۋرەنمەي تۇرىدۇ.»

جۇغراپىيە سىياسەتنىڭ ماكرو كۆلىمى جەھەتتىلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆز دۆلىتىمىزگە يېقىن جايدىكى ھادىسىلەردىمۇ بىزگە تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز ئالدىغا ئەرزىمەستەك كۆرۈنىدىغان جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكلەر ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئوھېيىننىڭ (Ohain) ئويمان يوللىرى ۋاتېرلودا ناپالېئوننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتتى (ۋاتېرلودىكى بۇ ئۇرۇش ناپالېئوننىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇبىيىتىنىڭ سىمۋولىدۇر، ت).

## ئورۇن جەھەتتىكى تەبئىي كۈچ

جۇغراپىيە ئۆز ئالدىغا مۇھىم ئامىل ئەمەس. پەقەت ئىنسانلار ۋە ماشىنىلار ئۇنى مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئىشلەتكەندە، ئۇ ئاندىن مۇھىم بولىدۇ، ئادەتتە ئۇنىڭ قىممىتى ۋاقىتلىق بولىدۇ.

رىقابەتتە، رەقىبلەر بىلەن جەڭگاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈچ تەرەپلىك دىئالېكتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. رەقىبلەر ئۇرۇش مەيدانى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش جەريانىدا، بىر-بىرىگە قارشى نەيرەڭ ئىشلىتىشىدۇ. جەڭگاھتىكى ئورۇنلار مەلۇم بىر پەيتتە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش ياكى ئورۇن بەلگىلەش جەريانىدۇر.

مەيلى ۋاتېرلودىكى جەڭگاھ ياكى ئادەتتىكى يىغىن زالى بولسۇن، ھەر بىر جەڭگاھنىڭ جۇغراپىيەسىنىڭ ئورۇن جەھەتتە ئۆزگىچە خاس تەبىئىي كۈچى بار. ئورۇن جەھەتتىكى بۇ تەبىئىي كۈچ جەڭگاھتىكى ئۇرۇش شارائىتىنى بەلگىلەيدىغان رىقابەت پرىنسىپىدىن مەنبەلەنگەن.

ئەلۋەتتە، جەڭگاھتىكى ئورۇن جەھەتتىكى تەبىئىي كۈچ قائىدە قۇرۇلمىسىغا (rule structure) ئاساسەن غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگىرىدۇ. ئىستراتېگىيەلەرمۇ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، پۇتبول مۇسابىقىسىدە ۋاراتانىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى ئۆزگەرتىش ھەر ئىككى كوماندىنىڭ ئىستراتېگىيەسى ۋە ئورۇن جەھەتتىكى كۈچىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ مىسالى بىزنى جۇغراپىيەدىن مەنبەلەنگەن مۇنداق ئىككى كۈچ ئۇقۇمى بىلەن تەمىنلەيدۇ: ئورۇن جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ (potential positional power) ۋە ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئورۇن كۈچى (realized positional power).

يوشۇرۇن كۈچ ئىككى تەرەپ جەڭگاھغا سەرپ قىلالايدىغان تېخنىكا ۋە تاكتىكىلاردىن كېلىدۇ. ئىشقا ئاشۇرۇلغان كۈچ ئەمەلىي ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ سانى، ماھارەت ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېتەكلەش ۋاقتىدىن مەنبەلىنىدۇ.

### شاھمات ۋە باشقا جەڭ شەكىللىرىدىكى ئورۇن بەلگىلەش

شاھمات ئويۇنى بىرگە بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى (deployment of resources)، ھۇجۇم بىلەن مۇداپىئەنى ماسلاشتۇرۇشنى، پىلانلاش ۋە ئۆزلۈكسىز باھالاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەمدە يىراقنى كۆرەرلىكنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ يەنە بىزگە جۇغراپىيەلىك ئورۇندىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئامىل ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ.

شاھمات تاختىسى 8 × 8 شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 64 كاتەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كاتەكلەرنىڭ رەڭگى قارا ۋە ئاق شەكىلدە ئالمىشىدۇ. شاھمات قائىدىسى ۋە بىز ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان مەنبەلەرنى نەزەردە تۇتقاندا، شاھمات تاختىسى بىزنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى بەزى رايونلارنىڭ تەبىئىي ئورۇن ئەۋزەللىكى ھەققىدىكى ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ساپ يوشۇرۇن كۈچ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شاھمات تاختىسىنىڭ مەركىزىدىكى تۆت كاتەك ئەڭ مۇھىم، غەلىبە قىلىش ئىستراتېگىيەسى بولسا بۇ تۆت مەركىزىي كاتەكنى بالدۇر كونترول قىلىشقا

باغلىق. ئەمما ئويۇن جەريانىدا، شاھمات ئۇرۇقلىرىنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كاتەكلەرنىڭ قىممىتىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

شاھمات ئۇرۇقلىرىنى قوشقاندا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ. كۆرگىنىمىزدەك، ئىككى رەقىبنىڭ ئۈچ تەرەپلىك ئۆز-ئارا تەسىر قىلىشى (interplay) ۋە ئۇلارنىڭ جەڭگاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ دىنامىكىدۇر. ئەلۋەتتە، شاھمات ئۇرۇقلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن مەنبەلەنگەن بەلگىلىك كۈچى بار. شاھمات ئۇرۇقى قانچە جانلىق ھەرىكەتلىنەلىسە، شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

ئەمما، شاھمات ئۇرۇقىنىڭ كۈچى تاختايدىكى ئورنى سەۋەبلىك كۈچىيىدۇ ياكى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. جەڭدە، شاھمات تاختىسىدىكى ئۇرۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئورۇن تەڭشەكلىرىدىن كۈچ ئالىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، شاھمات تاختىسىدىكى ئورۇنلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى رەقىبلەرنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىدىن (configuration) ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەمكارلىشىپ ئۈنۈم ئاشۇرۇش (synergy) رولى جارى بولىدۇ.

يىغىن زالىدىكى ئورۇن ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىملىقى ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئوخشىمىغان ئورۇن ئورۇنلاشتۇرمىسى پەرقلىق كۈچ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۈستەلنىڭ شەكلى ۋە ئورۇندۇقنىڭ تۈرىمۇ ھوقۇق قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سۆھبەتتە، پائالىيەتگاھنىڭ مىكروجۇغراپىيەسى ۋە ئورنى ئەۋزەللىكى ئېلىپ كېلەلەيدۇ، بىز بەزى رىقابەتچىلەرنىڭ فىزىكىلىق ئۆزگەرتىش ئارقىلىق سۆھبەتنىڭ شەرتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغانلىقىغا شاھىت بولدۇق. مەسىلەن، شىمالىي كورېيە بىلەن جەنۇبىي كورېيە ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىيسىزلەشتۈرۈلگەن رايوندا، بۇنداق نەيرەڭلەر دائىم قوللىنىلىدۇ.

ئۇرۇشتا بوشلۇقتىن پايدىلىنىشنىڭ بىر ياخشى مىسالى بوكىس مۇسابىقىلىرىدۇر. مەيداندىكى بوكسچىلار زامان ۋە ماكان جەھەتتە ئۆزئارا ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىپ، يالغان ھۇجۇم، مۇشتلاش، سانجىما مۇشت (jab) قاتارلىق بىر قاتار تاكتىكىلارنى ئىشلىتىدۇ. بوكىس مەيداندىكى بوشلۇق چەكلىك ۋە تەكشى، ئەمما ھەر بىر غېرىچ يەر بوكسچىلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشىدە (interaction) ئىنتايىن مۇھىم.

## جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقى

ئارمىيەلەر ئۆزى ئۇرۇش قىلىدىغان جاي ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش جەھەتتە سىستېمىلىق ۋە مۇرەككەپ ئۇسۇلنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ مېتودنىڭ قورالى «جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقى» (IPB) دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە بۇ جەريانى ئۆزىمىز دۇچ كەلگەن خىرىسلارغا ئاسانلا تەدبىقلىغىلى بولىدۇ.

ھەربىي ئەھۋاللاردا، بىز «كونترول قىلىش ئېگىزلىكى»نىڭ (high ground) ئەۋزەللىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى پرىنسىپ جەھەتتىن بىلىمىز. يەنە شۇنداقلا، بىز «تۆپىلىكنى ئىگىلەش»نىڭ مۇشكۇل ۋەزىپە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمىز. دەريا-جىلغىلار ۋە تاغ تىزمىلىرى دۈشمەننىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ.

جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقى جەريانى مەلۇم جەڭگاھتىكى ئۆزگە ۋە ئۆزگىگە مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈرلارنى سىستېمىلىق باھالايدۇ. ئىستىخبارات خادىملىرى بۇ ئۇچۇرلارنى ئۈزلۈكسىز توپلايدۇ ۋە باھالايدۇ ھەمدە ئۇنى قوماندانلارغا يەتكۈزىدۇ، قوماندانلار قارار چىقىرىشتا ئاشۇ ئىستىخباراتلاردىن پايدىلىنىدۇ.

جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقى ئۇسۇلىنى سودا ساھەسىگە ۋە شەخسىي قارار چىقىرىشقا ئاسانلا تەدبىقلىغىلى بولىدۇ. ئارمىيەلەرنىڭ سىستېمىسى ھەممە ئادەم دىگۈدەك بىرەسمىي قىلىپ كېلىۋاتقان جەريانىنى رەسمىيلەشتۈرىدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

بىز جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقى ئۇسۇلىدىن ئالىدىغان كەڭ دائىرىلىك ساۋاق — جۇغراپىيەنىڭ ئۆزىمىزنىڭ رىقابەت مۇھىتىدىكى مۇھىملىقىدۇر. بولغۇسى جەڭگاھنىڭ جۇغراپىيەسى قايسى يوشۇرۇن كۈچ مەنبەلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان؟ جۇغراپىيە قانداق قىلىپ ئىستراتېگىيەنى كۈچەيتەلەيدۇ ياكى ئاجىزلىتالايدۇ؟ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ ئىستراتېگىيەڭىزنى ئۆزگەرتەلەمسىز ياكى ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەڭىزگە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالالامسىز؟

## جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقى جەريانىدىكى باسقۇچلار

بىرىنچى، جەڭگاھ مۇھىتىغا ئېنىقلىما بېرىڭ. ھەم ئۆزىڭىزنىڭ، ھەم رەقىبىڭىزنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان جەڭگاھ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاڭ. جەڭگاھنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىڭ ھەمدە نامەلۇم، ئەمما بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئېلېمېنتلارنى ئېنىقلاڭ.

ئىككىنچى، جەڭگاھنىڭ مەشغۇلاتقا بولغان تەسىرىنى تەسۋىرلەڭ. بۇ باسقۇچ ھەممىشە يەر شەكلى ۋە ھاۋارايىنىڭ تەكشۈرۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما ئۇ جۇغراپىيە ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەم ئۆزىڭىز تەرەپنىڭ، ھەم رەقىبىنىڭ ھەرىكىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى، شۇنداقلا سىياسەت، پۇقراۋى تاراتقۇلار، يەرلىك ئاھالە ۋە نوپۇس قاتارلىق ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى قەدەم رەقىبنى باھالاشتۇر. ئەگەر رەقىب مەلۇم بولسا، ئۇنىڭ ئادەتتە ئوخشاش ئەھۋاللاردا جەڭنى قانداق تەشكىللەيدىغانلىقى ۋە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىقلاڭ. بۇ ئۈچۈرلارغا تارىخىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە پىششىپ يېتىلگەن تەھدىت ئەندىزىلىرىدىن (threat model) ئېرىشكىلى بولىدۇ. يېڭى ياكى تۈزۈك چۈشىنىلمىگەن رەقىبلەرگە نىسبەتەن، بىرلا ۋاقىتتا ئىستىخبارات سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇشقا ۋە تەھدىتكە قارشى ھەرىكەت پىلانى تۈزۈشكە توغرا كېلىشى مۇمكىن.

ئاخىرىدا، رىقابەتچىلىرىڭىزنىڭ بولغۇسى ھەرىكەت پىلانىنى ئېنىقلاڭ. بۇ يەردە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئاساسلىق سوئال شۇدۇر: رىقابەتچىلەرنىڭ ئادەتتە نېمە قىلىشقا مايىل ئىكەنلىكى ۋە ئۇ ھەرىكەت قىلىدىغان مۇئەييەن مۇھىتنىڭ تەسىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇنىڭ نىشانى ۋە ھەرىكەت پىلانى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

### ئىچكىرى مۇداپىئە

جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقى ۋە ئۇنىڭغا بىنائەن ئېلىپ بېرىلغان ئىجرائاتنىڭ ئەڭ ياخشى مىساللىرىدىن بىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كۆرۈلگەن. بۇ مىسالدىكى ئاساسلىق ساۋاق ــ قاچان ۋە قەيەردە ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن ئەھۋالدا، قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىڭىزدۇر. بۇ خىل ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى بار، ئەمما بۇ مىسالدا تاللانغىنى تولىمۇ قالتىس. بىز ئۇنى « ئىچكىرى مۇداپىئە» دەپ ئاتايمىز.

بۇ تېخنىكا رۇسلار تەرىپىدىن 1943 ـ يىلىدىكى كۇرسك ئۇرۇشىدا (Battle of Kursk) قوللىنىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، رۇسلار كۇرسكنى مەركەز قىلغان تېررىتورىيەنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقاندى. بۇ يەر گېرمانىيە ئالدىنقى سەپىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، كەڭلىكى 120 مىل، چوڭقۇرلۇقى 90 مىل ئىدى. گېرمانلار رۇسلارنىڭ لىنىيەسىنى ئۆزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، شىمال ۋە جەنۇبتىن ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانىدى.

ئەمما، رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستىخبارات تورى ئارقىلىق بۇ ھۇجۇم پىلانىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقانىدى. بىر نەچچە ئاي جەريانىدا، ئۇلار بىر-بىرىگە ئۇلىنىدىغان مۇداپىئە لىنىيەسى تەييارلاپ، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، گېرمانلارنىڭ ھۇجۇمىنى ئۇلارنى ئاسان زەربىگە ئۇچرىتىدىغان يۆنىلىشكە يېتەكلىگەن.

رۇسلار گېرمانىيە ئارمىيەسىنى بىر قاتار مىنا مەيدانلىرى، پىلانلانغان زەمبىرەك ئېتىش رايونلىرى ۋە مەخپىي تانكىغا قارشى تورۇش نۇقتىلىرى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشقا قىستاپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئاستىلىتىش ھەمدە ئۇپرىتىشنى پىلانلىغانىدى. نەتىجىدە، گېرمانلارنىڭ ھۇجۇمى باشلىنار-باشلانماستىنلا توختاپ قالدى.

رۇسلارنىڭ مۇداپىئەسى- گويا- گۆش قىيمىلاش ماشىنىسىغا- ئوخشاش، بىر ھەپتە ئىچىدىلا گېرمانلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تانكا زاپىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. گېرمانلار رۇسلارنىڭ قاتمۇقات مۇداپىئە سېپىنى زىنھار بۆسۈپ ئۆتەلمىدى، ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ئاخىرقى قېتىم گېرمانلارنىڭ قولىدىن رۇسلارغا ئۆتتى.

### جۇغراپىيەۋى سىياسەت ساۋاقلىرى

شۇنىسى روشەنكى، يەر شەكلىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇغراپىيە جەڭنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جۇغراپىيەنىڭ تەسىرى جۇغراپىيەۋى سىياسەتچىلەرنىڭ نەزىرىدىكىدەك ھەل قىلغۇچ بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما بىز ئاقىلانىلىك بىلەن پىلان تۈزسەك، ئۇلار ۋەزىيەتنى بىزگە پايدىلىق رەۋىشتە ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن.

خەۋپنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر جەڭنى قىلىشقا ئەرزىيدىغان بولسا، غەلىبە پۇرسىتىڭىزنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنىڭ جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقىنى قىلىشىڭىزغا ئەرزىيدۇ.

جۇغراپىيە — سىزنىڭ جەڭگاھتىكى ئورنىڭىز — تەلەيگىلا باغلىق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇنى (يەنى جەڭگاھتىكى ئورنىڭىزنى) ئالدىن تاللاڭ. كۆز ئالدىڭىزدىكى ھەر خىل تاللاشلارنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى تونۇپ يېتىڭ، يۈز بېرىش ئالدىدىكى توقۇنۇشنىڭ شارائىتىنى باھالاڭ ھەمدە ئاشۇ شارائىتلارنى ئۆزىڭىزنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلدۇرۇڭ.

نىكولاس سپايكمەن (1893ـ1943): سپايكمەن بەزى جايلاردا چەكلەش (containment) سىياسىتىنىڭ ئىجادچىسى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىستراتېگىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى قىرىق يىل مابەينىدە، ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان رىقابىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئامېرىكالىق جۇغراپىيەۋى سىياسەتچى بولمىش سپايكمەن ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇرۇشتىن كېيىن «يالىڭاچ كۈچ»نى (raw power) ئاساس قىلغان دۇنياۋى تەرتىپنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا «جۈرئەت» قىلغانلىقى ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، سپايكمەن ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئۇنىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان.

تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر

برېيدېن بىلەن شېللىي، «جەلپكار جۇغراپىيەۋى سىياسەت» (Engaging Geopolitics).

برژېنسكى، «بۈيۈك شاھمات تاختىسى» (The Grand Chessboard)، بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى مۇشۇ نامدا نەشردىن چىققان.

ئېرل ئېد، «زامانىۋى ئىستراتېگىيەنىڭ بەرپاچىلىرى» (Makers of Modern Strategy).

خەنسېن، «شاھمات ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسلىرى» (Foundations of Chess Strategy).

ھيۇگو، «بىچارىلەر» (Les Misérables)

لەندىس، «دۆلەتلەرنىڭ بايلىقى ۋە نامراتلىقى» (The Wealth and Poverty of Nations)

سپايكمەن، «ئامېرىكانىڭ دۇنيا سىياسىتىدىكى ئىستراتېگىيەسى» (America's Strategy in World Politics)

ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. بىز ھەمىشە «جۇغراپىيە»نى چوڭ جەھەتتىن ئويلاشقا مايىلمىز-يۇ، ئەمما بەزىدە مىكروجۇغراپىيەمىزنىڭ بىزگە رىقابەت ئەۋزەللىكى ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. «يەر شەكلى»نى چۈشىنىش ئەزەلدىن ئەڭ نادىر قوماندانلارنىڭ ئادىتى بولۇپ، جەڭگاھقا قارىتا ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۆزىڭىزنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشىڭىز (interaction) جەريانىدا قايسى ئامىللار جۇغراپىيەلىك

ئەۋزەللىكنى تەشكىل قىلىدۇ؟ ئۆزىڭىز ئۈچۈن جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بەرپا قىلىش مەقسىتىدە ئاڭلىق ھالدا ۋەزىيەت شەكىللەندۈرەمسىز؟

2. كۆندىلىك تۇرمۇشىڭىزدىكى مۇناسىۋەتلىرىڭىزدە ئېنىق بايان قىلىنغان ياكى يوشۇرۇن قائىدىلەر بارمۇ؟ يېزىلمىغان قائىدە ياكى ئەھدىنامىلەر ئېنىق بايان قىلىنغان قائىدىلەرگە ئوخشاش ــ ھەتتا تېخىمۇ بەك ــ مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. مۇناسىۋەتلىرىڭىزدىكى يېزىلمىغان قائىدىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى ــ ئەنئەنىدىن مەنبەلەنگەنمۇ ياكى كۈچ مۇناسىۋىتىدىنمۇ ــ ئېنىقلاڭ. بۇ قائىدىلەرنى رەسمىي بەلگىلىمىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئارىسىدىكى پەرقنى خاتىرىلەڭ. بۇ خىل پەرق ئەۋزەللىككە ئېرىشىش ئۈچۈن بوشلۇق بىلەن تەمىنلەمدۇ، يوق؟

3. جەڭگاھتىكى ئىستىخبارات تەييارلىقى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ۋە پايدىلىق ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنى جەڭگاھقىلا چەكلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئوخشاش بىر جايدا، ئوخشاش ئورۇندا، ئوخشاش سىمۋوللۇق بوشلۇقتا قايتا-قايتا خىرىسقا دۇچ كەلسىڭىز، ئاشۇ توقۇنۇش بوشلۇقى توغرىسىدا تەلتۆكۈس تەييارلىق قىلىشىڭىزغا ئەرزىيدۇ. سىز ئېنىقسىز رايونغا كىرگەندە، بۇ نۇقتا تېخىمۇ مۇھىم. رەقىبلەر بىلەن ئۆزىڭىز تاللىغان رايوندا رىقابەتلىشىش ئۈچۈن پرىنسىپ تۈزۈڭ ھەمدە ئاشۇ رايوننىڭ ئەۋزەللىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى باھالاڭ.

4. گەرچە ھەممىمىز تەشەببۇسكار بولۇشنى ياخشى كۆرسەكمۇ، بەزىدە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ كەلگەندە، بۇ تېخىمۇ قىيىن بولۇشى مۇمكىن. كۈچلۈك رەقىبكە قارشى مۇداپىئەدە تۇرغاندا، رۇسلارنىڭ كۇرسكتىكى تاكتىكىسىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ: رەقىب ھەرىكەت پىلانىنى بېكىتكەن ھامان، ياخشى تەييارلىق قىلغان رايوندا ئۇنى توختاۋسىز ئۇرۇش ۋە ئارقىمۇ ئارقا مۇداپىئە لىنىيەلىرى ئارقىلىق خورىتىڭ. سىز جەڭگاھنى تاللاشقا قادىر بولغاندا، بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كۈچلۈك رەقىبكە قارشى ئۆز زېمىنىڭىزنى قوغداشقا مەجبۇر بولغان ئەھۋالدا، پايدىلىنالايدىغان مەنبەلەرنى ئېنىقلاڭ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

# ئامېرىكادىكى تۇنجى ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى



# ئامېرىكادىكى تۇنجى ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى

ئۇيغۇر كۆكئارت

2024 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى ھەيئەتلىرى جامائەتكە 2023 ـ يىللىق ئىقتىسادى خىزمەتلىرى ھەققىدە دوكلات بەردى ۋە يېڭى پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇئاللارغا جاۋاب بەردى، تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئاڭلىدى. شۇنداقلا ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى ۋە زور بىر خوشخەۋىرىنى جامائەت بىلەن ئورتاقلاشتى. بۇ مەنزىرە كىشىلەرگە ئىككى يىل بۇرۇنقى بىر كۈننى، يەنى رامىزاننىڭ تۇنجى كۈندىكى ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئەسلەتتى.

2022 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكانىڭ ۋىرجىنىيە شتاتى ئەتراپىدىكى ھەر ساھەدىن بولغان 100 دىن كىشى تەكلىپ بىلەن فېئىرفەكس شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى كىچىكرەك بىر زالغا يىغىلغانىدى. بۇ پائالىيەتكە ئۇيغۇر جامائەتىنى تەكلىپ قىلغان تۆت كىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر ھەيئەت بۇ يىغىلىشنىڭ مەقسىدىنى، ئارقا كۆرۈنۈشىنى، تەييارلىق جەريانلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باج كەچۈرۈم قىلىنغان تاپاۋەتسىز دىنىي ئورگان بولۇپ تىزىمغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزىنىڭ ئېچىلغانلىقى جاكارلىدى. بۇ مەركەز شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر مەسچىدى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى .شۇ پائالىيەتتە مەسچىد قىلىنىدىغان شۇ جاينى سېتىۋېلىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئىئانە توپلاش ئېلىپ بېرىلدى. قىزغىن داۋام قىلغان شۇ پائالىيەتتە ھەرقايسى ساھە ئەربابلىرى ۋە جامائەتنىڭ قوللىشى بىلەن نەق مەيداندىلا 250 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق ئىئانە توپلانغان بۇلۇپ ، بۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا بىر يېڭىلىق ۋە غۇلغۇلا بۇلۇپ قالدى . ھالبۇكى، ئامېرىكادا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر نامى بىلەن ئېچىلغان، تولۇق رەسمىيەتلىك بۇ مەسچىدنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئارقىسىدا جاپالىق بىر كەچۈرمىش ۋە مۇرەككەپ ھېكايىلەر بار ئىدى.

2018-يىلى ۋىرجىنىيە ئەتراپىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر ياشلىرى «ئۇيغۇر ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بىرلىكى» نامىدا تەشكىللىنىپ، فېئىرفەكس ۋىلايىتىدىكى بىر جاينى ئىجارە ئېلىپ ئۇيغۇر جامائەتىنى تەشكىللىدى، بۇ ئورۇن كېيىنچە ئۇيغۇر مەركىزى دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلدى. ئۇيغۇر ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بىرلىكى ئامېرىكادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ماددىي ، مەنىۋىي ، ئېتىقاد جەھەتلەردىن كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە ھەرخىل پائالىيەتلەرنى قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە باشلانغان كەچلىك دىنىي سۆھبەتمۇ بولۇپ، 2019-يىلى قۇربان ھېيتتا ئۇيغۇر ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ھېيت نامىزىنى ئۇيغۇرلار مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ بىللە ئوقۇدى. زۇلۇمدا قالغان ۋەتىنى، خەلقىنىڭ ئاسارەتتىن تېزراق قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە دۇئالارنى قىلدى. شۇندىن كېيىن شۇ جايدا جۈمە نامىزى ئوقۇش باشلىنىپ ئامېرىكا ئۇيغۇر جامائەتىنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئەپسۇسكى، ئۇزاق ئۆتمەي خىتايدىن تارقالغان ۋابانىڭ ئامېرىكاغا يامرىشى سەۋەبىدىن بۇ پائالىيەتلەر توختاپ قالدى.

خىتاي ۋاباسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرغان 2020-يىلىمۇ ئۆتۈپ 2021-يىلى كىردى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بىرلىكىنىڭ ئەزالىرىدىن زۇلپىقار مۇستافا قاتارلىقلار ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچەپ باققان بولسىمۇ، خىتاي ۋىرۇسى ۋەھىمىسى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر مەركىزىدىكى جۈمە نامىزىنى قايتا باشلاش مۇمكىن بولماي قالدى. بۇ جەرياندا ئۇلار كۆپ ساھەدىكى كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بىرەر ئورۇن تېپىپ ئۇيغۇر جامائىتىنى يىغىش ھەققىدە ئىزدەندى. ئۇلار ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلارنى جۈمە نامىزىغا ئوخشاش پائالىيەتلەر بىلەن قەرەللىك يىغىپ تۇرۇش، ۋەتەندە ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەمەلى ئىش قىلىشنىڭ ۋە ئوخشىمىغان تەشكىلات ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ئامېرىكا ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈش ، مىللى روھىنى ئېتىقاد ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلى ئىش قىلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارىغان بولغاچقا، بىرەر مۇۋاپىق ئورۇن تېپىپ جۈمە نامىزىنى قايتا باشلاشنى نىيەت قىلغان ئىدى. مۇشۇ نىيەت بىلەن زۇلپىقار قاتارلىق تۆت كىشى مۇقىم ئىقتىسادىي ئاساس ئۈچۈن ئۆز يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ "ئۇيغۇر بىز" شىركىتىنى ئەنگە ئالدۇرۇپ ئىجارە ۋە باشقا چىقىملارنى كۆتۈرۈپ، يېڭى بىر ئورۇندا جۈمە نامىزىنى قايتا باشلىدى. يېڭىدىن تەشكىللەنگەن «ئۇيغۇر بىز» ھەيئىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدا 2021-يىلىدىكى قۇربان ھېيت نامىزىنى ئۇيغۇرلار يەنە بىللە ئوقۇشقا نېسىپ بولدى. جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان پىدائىلار قوشۇلۇشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىشەنچىسى ئاشقان «ئۇيغۇر بىز» ھەيئەت گۇرۇپپىسى ۋە پىدائىلىرى تېخىمۇ كۆپ پىلانلارنى تۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە "ئۇيغۇر بىز" شىركىتىنىڭ تىجارەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ ئىش باشلىدى. تىجارەت يەنىلا ئۇيغۇرنىڭ تىجارىتىنى قوللاش، ئۇيغۇرنىڭ ماددى، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشنى نىشان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدىغان بۇ بىر توپ ئۇيغۇرسۆيەرلەر ئۇيغۇرچە كانۋاي كۆينەك ۋە دوپپا كىيىپ ئۇيغۇرچە قىياپەت بىلەن يۈرەتتى. ئۇلار ئۇيغۇرچە پاسونىدىكى كىيىم كېچەكلەرنى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلاردىن توپ ئەكىلىپ ۋىرجىنىيەدىكى بازارلاردا سېتىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر كىيىم كېچەكلىرىنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمان كىشىلەر ناھايىتى ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشتى. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاشقان ئۇيغۇر بىز گۇرۇپپىسىنىڭ يىگىتلىرى 2021- يىلى 11-ئاينىڭ 28-كۈنى جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان جايدا بىر ئۇيغۇر بازىرى يەرمەنكىسى تەشكىللىدى. بۇنىڭغا قىزىققان ئۇيغۇرلار 40 تىن ئارتۇق سېتىش ئورۇنلىرى ئۈچۈن تىزىملاتتى. چۈشكە يېقىن باشلانغان ئۇيغۇر بازارغا كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بازاردا يېمەك-ئىچمەكتىن تارتىپ كىيىم كېچەك، ھەتتا كىتاپلارغىچە بازارغا سېلىندى. ئۇيغۇرلار قۇرغان كومپيۇتېر شىركەتلىرى ۋە ئۆيمۈلۈك ۋاستىچىلىرىمۇ مەخسۇس ئورۇنلارنى ئېلىپ ئۆز تىجارەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتى. كاۋاپتىن تارتىپ نان-ساڭزىغىچە، پاچاق، سوغۇقئاشتىن تارتىپ ئۆپكە-ھېسىپقىچە بولغان ئۇيغۇر تاماقلىرى، كالا گۆشى ئۈگرىسى بازارنى ئاجايىپ قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۆپكە -ھېسىپلار قانچە قىلسىمۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالماي تۈگەپ كەتتى، كالا گۆشى ئۈگرىسى ئۈچۈن ئۆچىرەت تۇرغان كىشىلەرگە تاماق يېتىشمىدى. چۈش بىلەن ئەۋجىگە چىققان بازاردا ئادەم شۇ قەدەر كۆپ ئىدىكى، كىشىلەرگە بۇ مەنزىرە خۇددى ۋەتەنىنىڭ 2016- يىلىدىن بۇرۇنقى بىرەر ئۇيغۇر بازىرى مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندەكلا تۇيغۇ بەردى. نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكادا شۇنچە ياشاپ بۇنداق كۆپ ئۇيغۇرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بىر بىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە ئىدى. بۇ بازاردا گىلەم، ھۆسنىخەتلەردىن تارتىپ ئوسما ئۈرۈقلىرىغىچە سېتىلدى. كىشىلەر ئېھتىياجى بولمىسىمۇ قوللاش يۈزىسىدىن ياكى سېغىنىشتىن بولسىمۇ سېتىۋېلىشتى. نەرسە كېرەك ساتقانلارنىڭ ھاردۇقى چىقتى. بىرىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر بازاردا ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن خۇشاللىق بولغان بىر ئىش ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ مۇقىم بىر يەرنى ئىجارە ئېلىپ مەسچىد قىلىشى ئۈچۈن ياپونىيەدىكى دانىش شىركىتى ئۆز ئىقتىسادىدىن 5 مىليون يىن يەنى 45 مىڭ دوللار پۇلنى بۇ ئىشقا ئىئانە قىلغان ئىدى.

ئۇيغۇر بىز شىركىتى ئامېرىكادىكى تۈرلۈك يەرمەنكىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ تىپتىكى مەدەنى ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ۋە شۇنداق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، تىجارەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر پۇرسەتتە ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنىمۇ كۆچەپ تونۇشتۇرۇپ ماڭغان. ئۇيغۇر بىز يىگىتلىرى

2022-يىلى 3-ئايدا ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر بازىرى يەرمەنكىسىنى تەشكىللىدى. بۇ قېتىملىق بازارمۇ بۇرۇنقىدەك قاينام تاشقىنلىق ئىچىدە ئۆتتى. بۇ بازاردا ئۇيغۇر بىز شىركىتى يەنە بىر خوش خەۋەرنى ئورتاقلاشتى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەسچىدى قۇرۇش ئۈچۈن زور قەدەم تاشلاپ تۈرك جامائەتى ئىلگىرى مەسچىد قىلغان بىر ئورۇننى ئىجارىگە ئالغانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام مەركىزى سۈپىتىدە تۈرلۈك دىنىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئۇيغۇر جامائەتىگە جاكارلىدى.

جىددى تەييارلىقلار بىلەن رامازانغا ئۈلگۈرتۈپ ئېچىلغان ئۇيغۇر مەسچىدى رامازاننىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ۋەتەندىكى بۇرۇنقى قاينام تاشقىنلىقتا تولغان رامازان ئاخشاملىرىنى ئەسلىتىدىغان بىر سورۇنغا ئايلاندى. رامازاننىڭ دەسلەپكى كۈنىلا 30 كۈننىڭ ھەممىسىگە ئىپتارلىق بېرىدىغان ئادەملەر تىزىملىتىپ بولغاچقا ئىپتارلىق بېرەتتۇق دېگەنلەرگە نۆۋەت تەگمىدى. ۋىرجىنىيە، ۋاشىڭتون د س، مارىلاند ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار تۇنجى قېتىم ئۆز مەسچىدىدە تاراۋى نامىزىنى مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ سەپ سەپ بولۇپ ئوقۇدى، نامازغا ھافىز ئۇيغۇر يىگىتلىرى نۆۋەت بىلەن ئىماملىق قىلدى. ھەر كۈنىدىكى ۋىتىر دۇئالىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىرچىلىقلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن دۇئالار قىلىناتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەر سەجدىدە ئۆز مەسجىدىدە، ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ناماز ئوقۇپ، دۇئا قىلغىنىدىن ۋۇجۇدلىرى تىترەپ كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى. ئىپتار ۋاقتىدىكى كۆڭۈللۈك، قىزغىن كەيپىيات ، كۆچمەنلىكتىكى ئۇيغۇر جامائەتىنىڭ ھاياتىدىكى جىددى كەم بولىۋاتقان بەزى نەرسىلەرنى تولۇقلاۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ مەسچىدنى بەرپا قىلىشتىكى ئاساسى مەقسەتنىڭ نېمىلىكىنى ئېپادىلەپ بەرگەندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر مەسچىدى زامانىۋى تېخنىكا ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى بىلەن سىستېمىلىق بەرپا قىلىنغان بىر ئورگان بولۇپ، يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان ئۇسكۈنىلەر، بارماق ئىزى بىلەن ئېچىلىدىغان ئىشىكلەر، يۇقۇرى سۈپەتلىك مەسچىد توربېكىتى، ئىجتىمائى ئالاقە ئەپلىرى بىلەن يۇرۇشلەشكەن مۇلازىمەت ۋە خىزمەت گورۇپپىلىرى ئۇيغۇر مەسچىدىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى تېزلا يۇكسەلدۇرگەن. شۇڭا ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيغۇر مەسچىدى باشقا مىللەتتىن بولغان ئىلغار مۇسۇلمان ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولۇپ، جۈمە كۈنىدىكى جامائەتنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمىنى باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىگەلەيدۇ. ئۇيغۇر جامائىتى بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن قېرىنداشلىق ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى باشقا مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزىۋاتقانلىقىدىن خۇشاللانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مۇسۇلمان جامائىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇندىن باشقا، مەسچىدكە كىرگەن كىشى خۇددى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىن يوقالغان

لەۋھە بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندەك بىر ۋەتەن تۇيغۇسىنى ۋە ھەممە يېرىدە ئۇيغۇرلۇق يېغىپ تۇرغان بىر ھالەتنى ھېس قىلالايتتى. ئۇيغۇر مەسچىدىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ۋىرجىنىيە، ۋاشىڭتون د س، ۋە باشقا شتاتلاردىكى كۆپلىگەن ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە مەسچىد جامائەتلىرى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىغان بولۇپ، ئامېرىكادىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىسلام دۇنياسىغا تونۇتۇش ھەرقاندىاق بىر پائالىيەتنى قولدىن بەرمەي ھەرىكەت قىلاتتى.

ئۇيغۇر مەسچىدىنى باشقۇرۇشتا ئامېرىكا ۋە ياپۇنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىلغار ئىسلام ئورگانلارنىڭ تۈزۈلمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، مەسجىدنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىگە ئىگە ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئاكتىپ، ۋە ئىلغار ئىدىيەدىكى تۆت كىشىدىن تەشكىللەنگەن. مەسلەھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئۇقۇمۇشلۇق، دىندار زىيالىلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، دىنىي ئىبادەت مەسىلىلىرىدە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇفتى ئۇستازلار بار. ئۇنىدىن باشقا مەسچىد باشقۇرۇش سىستېمىسى نەچچە ئونلىغان كۆچلۈك پىدائىلار گۇرۇپپىسى ۋە ئىقتىسادى دەستەك ئەزالار گۇرۇپپىسى قاتارلىق تارماقلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئىشلار ئىستراتېگىيىلىك پىلانلار ، كېڭەش ئارقىلىق قارار قىلىنىدۇ ۋە يولغا قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزىنىڭ قۇرغۇچى تۆت كىشىلىك ھەيئەت ئەزالىرى بولسا:

قەيسەر سېيىت: ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچى ۋە جامائەت ئەربابى، تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسى. 2022-يىلى ئۇيغۇرلار ئۇچۈن زۆرۈر بولغان "ئوچۇق مەنبەلىك ئىستىخبارات قوللانمىسى" ناملىق كىتاپنى تۈزۈپ ھەقسىز تارقاتقان.

ئارسلان ئابدۇرازاق: ئۇچۇر تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسى، يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرى، ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچى.

ئۇ ۋەتەنىدىكى ۋاقتىدا بىلىك تور بېكىتىنى قۇرۇپ چىققان بولسا، ئۇيغۇر مەسچىدى ئۈچۈن ئورگان تور بېكىتىنى ياساپ چىققان.

زۇلپىقار مۇستافا: ياپونىيە توكوشىما ئىسلام مەركىزى ، توكوشىما مەسجىدىنىڭ سابىق پىرېزىدېنتى ۋە قانۇنىي ۋەكىلى ، ئىگىلىك تىكلىگۈچى، "ياپونىيە ھالال كاۋاپ" ۋە "دانىش" شىركەتلىرىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچى.

مۇھەممەد مەھمەت: ئۇيغۇر ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بىرلىكىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، كومپيۇتېر پروگراما ئىنژېنېرى، «ئېيچ ئەن ئەم فىكس» شېركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچى. مۇھەممەد 2023-يىلى 5-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن شىمالى ئامېرىكا ئىسلام ئۇيۇشمىسىنىڭ ياسىر قازى، نۇمان ئەلىخان باشلىق يۈزلىگەن ئىسلام ئۆلىمالىرى قاتناشقان 30 مىڭ كىشىلىك يىللىق يىغىلىشىدا ئۇيغۇر مەسچىدىگە ۋاكالەتەن نۇتۇق سۆزلەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇملارغا سۈكۈت قىلغانلىقىنى قاتتىق تەنقىتلىگەن.

ئۇيغۇر مەسچىدىنىڭ ئىماملىقىغا ئامېرىكىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئەزھەر ئۇنىۋېرستىدا ئىلىم ئالغان ئۇيغۇر يىگىتى ياسىر قارى بىلەن مىسىر ۋە تۈركىيەدە بىلىم ئاشۇرغان ئابدۇرازاق قارى ئالمىشىپ ئۇيغۇر ۋە ئېنگلىز تىللىرىدا جۈمە خۇتبىلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئۇندىن باشقا نيۇ يورك، پېنسىلۋېنىيە قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر، ئۆزبەك، باشقا مىللەت ئىماملىرىمۇ تەكلىپ بىلەن جۈمە نامازلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. بەزىدە مەسچىد ھەيئىتىدىكىلەرمۇ زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا جۈمە نامىزىغا خاتىپلىق قىلىدۇ.

نەچچە ئونلىغان ئەر-ئايال پىدائىلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى مەسچىد ۋە جامائەت خىزمەتلىرىگە ئاتىغان، يەنە نۇرغۇنلىغان ساخاۋەتچى ئۇيغۇرلار ئاز-كۆپ دېمەي، مەسجىدنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ، ھەر ئايدا مۇقىم پۇل كىرىدىغان قىلىپ قوياتتى. يەنە باشقا چىقىملار ئۈچۈن جامائەت فوندى تەسىس قىلىنغان ئىدى. بۇ فوند ھەر جۈمە كۈنى نامازدىن كېيىن جامائەتكە تارقىتىدىغان پولو ۋە باشقا چىقىملارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولاتتى. مەسچىدنىڭ كىرىم-چىقىم، ھېسابات ئىشلىرى مەسچىد قۇرۇلغاندىن باشلاپ جامائەتكە ئېنىق قىلىپ قەرەللىك ئېلان قىلىنغاندىن باشقا مەسچىد توربېكىتىدە يېڭىلىنىپ تۇراتتى. ئۇيغۇر مەسچىدى ھەر ئايلىق ئىجارە ھەققى ئۈچۈنلا ئالتە مىڭ دوللار ئەتراپىدا چىقىم قىلاتتى، ئۇندىن باشقا چىقىملارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. چىقىملارنى تېجەش ئۈچۈن مەسچىد توربېكىتىنى قۇرۇشتەك تېخنىكىلىق ئىشلاردىن تارتىپ مەسچىدنىڭ تازىلىق، بېزەش، سىرلاش ۋە رېمونتىغىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەسچىد ھەيئەتلىرى ۋە پىدائىلار ئۆزلىرى بىر قوللۇق قىلىپ چىققان.

مەسچىد سېتىلىشۋېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىقتىساد جەملەش ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسچىد ھەيئەتلىرى توختىماي تىرىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئورگان قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھەر ئايدا ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىش بىلەنلا قالماي، كۆنلەپ، ھەپتىلەپ ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى چىقىرىپ كەلمەكتە. ئۇلار يەنە خىزمەت، ئائىلە ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ، بازارلاردا مال سېتىپ، قۇربان ھېيتا قوي-كالا سېتىپ، ھەممە پايدىسىنى مەسچىد ئىقتىسادىغا قوشۇپ ماڭغان. دەسلەپتە ھەيئەتلەرنىڭ ئۆز يېنىدىن 300 دوللاردىن چىقىرىپ، ھەرئايدا 30 دوللار، 50 دوللاردىن يىغىلغان پۇللار بىلەن ۋۇقۇدقا كەلگەن كىچىك بىر ئورگان، قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدە ئېچىلىش مۇراسىمىدا يىغىلغان 250 مىڭ دوللار، 2023-يىلى رامازاندىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىئانە يىغىشتا چۈشكەن 150مىڭ دوللار ، 2023-يىلى 9-ئايدا ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى تەشكىللىگەن، ۋىرجىنىيە ئەتراپى، بوستون، تېكساس، نيۇ يوركتىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان جامائەت ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىئانە توپلاش زىياپىتىدە يىغىلغان 230 مىڭ دوللار يىغىلغان ۋە 200 مىڭ دوللار ئەتراپىدىكى ۋەدە قىلىنغان نېسى ئىئانىلەرنى قوشقاندا بىر مىليون دوللاردىن ئارتۇق مەبلەغ توپلىغان چوڭ بىر ئورگانغا ئايلانغان.

ئىقتىساد ۋە خىزمەتتىن باشقا ئۇيغۇر مەسچىدىگە كەلگەن ئېغىر بېسىملارنى ئادەتتىكى ئادەملەر ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن. خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر مەسچىد ھەيئەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرى پاراكەندىچىلىك سېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى قەتئى توختىتىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەھدىتلەرمۇ كەلدى، ئەمما بۇ ئۇيغۇر يىگىتلىرى ھېچقاچان توختاپ قالمىدى. ئۇنىدىن باشقا مەسچىدنىڭ ئېچىلىشىنى ياقتۇرمىغان، مەسچىد ھەققىدە خىلمۇ خىل باھا بەرگەن، ئۆسەك سۆز تارقاتقانلارمۇ بولدى. مەسچىدكە ھېچقاچان قەدەم بېسىپ باقمىغان ياكى يىلدا بىرەر قېتىم بېرىپ قالغان بەزى ئۇيغۇرلار "مەسچىدتە ئۇيغۇر ھەققىدە گەپ بولۇنمايدىكەن، ئۇممەتنىلا تەكىتلەيدىكەن" دېگەندەك گەپلەرنى تارقاتسا، ئۇيغۇر بولمىغان مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى ۋە جامائەتلىرى ئىچىدىن بەزىلەر "ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىنى مەسچىدكە قويىۋېلىش مىللەتچىلىك، قەۋمىيەتچىلىك" دەپ تاپا قىلاتتى. مەسچىدنىڭ مۇستەقىل ، تەرەپ تۇتمايدىغان دىني ئورگان تۈزۈمىگە قارىتا ئۇنى قىلمىدى ، بۇنى قىلدى ، بىللە قىلمىدى دېگەندەك ئادەمنى چارچىتىدىغان سۆز- چۆچەكلەرمۇ ئاز بولمايتتى. گەرچە ئۇيغۇر مەسچىدىنىڭ يىگىتلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى، زىددىيەتلەرنى جايىدا ھەل قىلىپ، پەسىلىلىك پىكىر ئاڭلاش يىغىنى قىلىپ چۈشەندۈرۈپ ماڭالىغان بولسىمۇ بەزىدە ئۇلارمۇ چارچاپ يىقىلىپ قالاتتى. ئىشلارنىڭ تولىلىقىدىن چارچىغان زۇلپىقار جىددىي قۇتقۇزۇشتا ھەپتىلەرچە ۋە ئۆيىدە ئايلارچە مىدىرلىيالماي يېتىپ قالغان، رامزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى چارچاشتىن ئارانلا قالغان ئارسلانغا كېلىشمەسلىك بولۇپ ئېغىر قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغان ئەھۋاللار بولدى. ئەمما

مەسچىدلىرىمىزنى چېقىپ، خەلقىمىزنىڭ ئېتىقاد ۋە غورۇرىنى پايخان قىلىۋاتقان خىتايغا قارشى ئۇيغۇر مەسچىدى قۇرۇش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان يىگىتلەر توختاپ قالمىدى. بۇ يىگىتلەر شۇنىڭغا كۈچلۈك ئىشىنەتتىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مەدىنىدە قىلغان تۇنجى ئىشى مەسچىد بەرپا قىلىش بولغان، شۇ ئارقىلىق ئوقۇتۇش، جامائەتچىلىك، مۇسۇلمانلارر ئارىسىدىكى بىرلىك-باراۋەرلىك، بازار ۋە تىجارەت تۈزۈمى قاتارلىق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ۋە بۇ ئىش كېيىن مەككىنى قايتۇرىۋېلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. شۇڭا ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ يۇرت-ماكانلىرىنى قايتۇرىۋېلىشى ئۈچۈن بىر يولخەرىتىسى بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر مەسچىدى قۇرۇلغاندىن بېرى ئۇيغۇر جامائىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر شەكىلدە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كەلدى. ھېيت نامازلىرى نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۇقۇلدى. ھېيتلىق يىغىلىشلار، رامازانلىق پائالىيەتلەر، جۈمە نامازلىرى، مەسچىدتە بولىدىغان نىكاھ ۋە باشقا مىللى ئۆرپ-ئادەت خارەكتېرلىك پائالىيەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ھاياتىغا كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى قوشتى. ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر دىنىي، ئىجتىمائى تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئامېرىكا دۆلەت مىنىستېرلىكى، شىتاتلىق ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى، تەشكىلاتلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ۋە لوبىچىلىق پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ كەلدى. بۇنداق پائالىيەتلەردىن پاناھلىق ئىشلىرى، يېشىل كارد، ۋەتەنداشلىق ئىلتىماسلىرى ھەققىدە مەسلەھەت بېرىش، ساغلاملىق ۋە پىسخىك مەسىلىلەر ھەققىدىكى ياردەملەر قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى بېسىلىپ ياتقىلى نەچچە يىللار بولغان مىڭدىن ئارتۇق پاناھلىق ئىلتىماسلىرىنىڭ ھەل بولىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر مەسچىدى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن پىكنىك، دالا يۈرۈشى، خىلمۇ خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگەن. ئۇيغۇر مەسچىدىدە قۇرئان دەرسلىرىدىن باشقا يەنە چوڭلار ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى دەرسى، ھەر خىل تېخنىكىلىق تەربىيەلەش كۇرسلىرى، باللار ئۈچۈن مەخسۇس دەرسلەر ۋە ئائىلىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى تەشكىللىنىدۇ. ئامېرىكادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر باللار ۋە ياشلارغا ھەپتىلىك ئۇيغۇرچە دەرس تەسىس قىلىنغان. ئۇيغۇر مەسچىدى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئامېرىكاغا كەلگەن مۇساپىر ئۇيغۇرلارغا تۇرالغۇ ۋە ئىقتىسادى ياردەم ھەل قىلىش، ئادۋۇكات تۇتۇش، پاناھلىق ئىلتىماسى، تەرجىمان تېپىش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردە تىنىمسىز ياردەم قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى 2023-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇقىم ۋە مۇۋاپىق بىر ئورۇننى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولۇپ، مۇۋاپىق كۆرۈلگەن بەزى ئورۇنلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئىلتىماسلارمۇ سۇنۇلغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ يەر سېتىۋېلىپ ئۇيغۇر جامائەتى ئۈچۈن ئۇنىۋېرسال ئىسلام مەركىزى قۇرۇش قارار قىلىنغان. 2024 -يىل 1-ئاينىڭ 27- كۈنى ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى ھەيئەتلىرى 2023-يىللىق ئىقتىسادى خىزمەتلىرى ھەققىدە دوكلات بەرگەندە جامائەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى خوشخەۋىرىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى يېقىندا 14 ئەيكىر يەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن توختاملىشىپ، ئالدىن زاكالەت پۇلى تاپشۇرغان ۋە ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆي مۈلۈك شىركەتلىرى بىلەن دەسلەپكى لاھىيە ۋە پىلانلارنى تۈزگەن. بۇ يەر ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان ۋىرجىنىيە فېئىرفەكس ۋىلايىتىدە بولۇپ، بۇ يەرگە مەسجىد، مەكتەپ، جامائەت مەركىزى، تەنتەربىيە مەيدانى, پۇتبول مەيدانى، ماشىنا توختىتىش ئورنى قاتارلىقلارنى سېلىش ئۈچۈن مەسچىد ھەيئىتىدىكىلەر مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ھەم تەستىق ئىلتىماس ئۈچۈن كەسپىي شىركەت، ئادۋوكاتلارنى ياللىغان ۋە قالغان ئىقتىسادىنى يىغىش ئۈچۈن ھەركەتكە ئۆتكەن. ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئەڭ چوڭ بولغان، يۈرۈشلەشكەن بىر ئىسلام مەركىزى بولۇپ قالىدىغان بۇ قۇرۇلۇش ئەلۋەتتە ھەممە ئۇيغۇرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى قوللاشلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئەلۋەتتە.



# مېڭە يۇيۇش ۋە قاراڭغۇ پسىخولوگىيە

تیجاس مالپانی

# مېڭە يۇيۇش ۋە قاراڭغۇ پسىخولوگىيە

تېجاس مالپانى

مېڭە يۇيۇش (Brainwashing) ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەشۋىقات ۋە قىيىن-قىستاق جەريانى ئارقىلىق ئۆز ئىدىئولوگىيەسىنى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە قانداق سىڭدۈرگەنلىكىنى ئىزاھلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

مېڭە يۇيۇش شەخسنىڭ يادرولۇق تەۋەلىكى، قىممەت قاراشلىرى، ئىدىيەلىرى ۋە ئېتىقادلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدىغان ئۇقۇمدۇر. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، زىيانلانغۇچىلار ئۆزىنى ئۆزى تىزگىنلىيەلمەس ھەمدە مۇستەقىل ياكى تەنقىدىي رەۋىشتە تەپەككۇر قىلالماس بولۇپ قالىدۇ.

كىتابلاردا «ئەڭ ئەقىللىق ۋە كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنىمۇ ئاسانلا يۇغىلى بولىدۇ» دېگەن بايانلارنى ئۇچرىتىسىز. لېكىن ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ زىتىنىڭ ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى.

بۇ (يەنى ئاسانلا مېڭىسىنى يۇغىلى بولىدىغان كىشىلەر تۈپى) مۇنداق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

كوچا-كويلاردا سەرگەردان بولۇپ ياشاشقا مەجبۇرلانغانلار

سۆيۈملۈك كىشىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى جورىسىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلەر

خىزمىتىدىن ھەيدەلگەنلەر

ئۆزلىرى قوبۇل قىلالمايدىغان كېسەلنىڭ دەردىنى تارتقان ياكى تارتىۋاتقانلار

## كىشىنىڭ مېڭىسى قانداق يۇيۇلۇپ كېتىدۇ؟

سىزنىڭ مېڭىڭىزنى يۇيۇشقا ئۇرۇنغان كىشى كۆز قاراش ۋە ئېتىقادىڭىزنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، سىزگە ئالاقىدار پارچە تەپسىلاتلارنى بىلمەكچى بولىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىڭىزنى، كىملەرگە

ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنى، ئارتۇقچىلىقلىرىڭىزنى، كىملەرنىڭ سىز ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە سىزنىڭ كىملەرنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالىدىغانلىقىڭىزنى بىلىشكە ئۇرۇنىدۇ.

### ئايرىۋېتىش (Isolation)

بۇ مېڭە يۇيۇشتىكى تۇنجى تاكتىكىدۇر، چۈنكى ئەتراپىڭىزدا ئائىلىڭىزدىكىلەر ۋە دوستلىرىڭىز بار بولسا، بۇ سىزنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچىغا (manipulator) پايدىسىزدۇر. (سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا) ئۆز ئىدىيەلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىدىيەگە ئىگە، سىزنىڭ ئىشىنىشىڭىز تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرگە قارىتا سوئال قويىدىغان كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇلار زىنھار خالىمايدىغان ئىشتۇر. بۇ تاكتىكا سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەر ياكى دوستلىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىشىڭىزغا يول قويماسلىق ياكى سىزنىڭ كىملەر بىلەن ئالاقىلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ۋە باردى-كەلدى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇشتىن باشلىنىدۇ.

### غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش

بىراۋ باشقىلارنىڭ مېڭىسىنى يۇماقچى بولغاندا، نىشانلانغۇچى ئاجىز، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەن ھالەتتە تۇرغاندا، تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچى ئاندىن بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرالايدۇ. زەئىپ ئىنسانغا تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سىڭدۈرۈش بەكلا ئاسان. تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچى (ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن) نىشانلانغۇچىنىڭ غۇرۇرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشى كېرەك. بۇنى قورقۇتۇش، خىجىل قىلىش، جىسمانىي ياكى ئاغزاكى خورلاش، ئۈزۈكسىز مەھرۇم قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچى نىشانىنىڭ ھاياتىغا ئالاقىدار ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ قاچان ئۇخلايدىغانلىقىدىن تارتىپ، قاچان ھاجەتخانىغا كىرىدىغانلىقى ۋە قاچان تاماق يەيدىغانلىقىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنىدۇ.

### «بىز» ۋە «ئۇلار»

بىراۋنى ۋەيران قىلىپ، ئوخشىمىغان ئوبرازدا قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئورۇنباسار لايىھەسى چوقۇم «بۇنداق ھايات تېخىمۇ جەلپكار» دېگەن تەرزدە تونۇشتۇرۇلۇشى كېرەك.

## قارىغۇلارچە ئىتائەت

بۇ تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچىنىڭ ئاداققى مەقسىتى بولۇپ، بۇ ھالەتكە كەلگەن نىشانلانغۇچى بۇيرۇققا شەرتسىز بويسۇنىدىغان بولىدۇ. ئوخشاش بايانى قايتا-قايتا تەلقىن قىلىش بىر كىشىنى تىزگىنلەشنىڭ ياخشى چارىلىرىدىن بىرىدۇر. ئوخشاش بايانى تەكرارلاش كاللىنى تىنچلاندۇرىدىغان چارە بولۇپلا قالماستىن، تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، تەپەككۇرنىڭ تەھلىل ۋە تەكرارلاشقا ئالاقىدار رايونلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرغىلى بولمايدىكەن. دېمەك سىز (تەھلىل ۋە تەكرارلاشتىن ئىبارەت) بۇ ئىككى ئىشتىن پەقەت بىرىنىلا قىلالايسىز. شۇنداق بولغانىكەن، گۇمانىي ئويلارنى توختاۋسىز تەلقىن ئارقىلىق توسۇۋېتىش نېمە دېگەن قالتىس ئۇسۇل ھە!

## چۈشەنچە مونوپوللۇقى

خارلىغۇچى (abuser) سىزنىڭ ئۆز-ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈشىڭىزگە سەۋەب بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ، سىز روھىڭىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆز روھىيىتىڭىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر شۇڭغۇيسىز.

خارلىغۇچى دىققىتىڭىزنى شۇلارغىلا مەركەزلەشتۈرگۈزىدۇ.

تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچى سىزنى «چەكتىن ھالقىپ كەتكەن» ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

خارلىغۇچى ئۆزى تىزگىنلىيەلمەيدىغان بارچە نەرسىنى سىزنىڭ دۇنيارىڭىزدىن سىقىپ چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ.

ھارغىنلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

مېڭە يۇغۇچىلار سىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا قارشى تىركىشىش ئىقتىدارىڭىزنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردا ئاجىزلىتىدۇ:

ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە قوشۇلماسلىق سەۋەبلىك ئۆزىڭىزنى ئەيىبكار ھېس قىلدۇرىدىغان تاكتىكىلارنى تېپىپ چىقىدۇ.

سىزنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەسلىك، پەرزەنت تەربىيەسى ۋە پاكىزلىق توغرىسىدىكى يۇقىرى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ھەلەكچىلىكىگە مۇپتىلا قىلىدۇ.

خاراكتېرىڭىزنىڭ ئۆلچەمگە لايىق ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ ھەمدە «ئۇنى چوقۇم تۈزەتمىسىڭىز بولمايدۇ» دېگەن گەپتە چىڭ تۇرىدۇ.

سىزنىڭ دوستلىرىڭىزدىن ــ كەسپتە يۈكسىلىش ئۈچۈن ــ ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ جورىسى بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششنى تەلەپ قىلىدۇ.

سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا نورمال مۇناسىۋەتلەردە تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلاردىن ئېشىپ كەتكەن ۋەزىپىلەرنى يۈكلەيدۇ.

### تەھدىت

مېگە يۇغۇچىلار سىزنى تاشلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالىدۇ. بۇ تەھدىت سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە چىندۇر. خارلىغۇچى تەھدىتلەرنى بەدەن تىلى ئارقىلىقمۇ ھېس قىلدۇرىدۇ.

### ھاقارەتلەش

سىز مېگە يۇغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇنىمىسىڭىز ياكى ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۆز ھوقۇقىڭىز ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقسىڭىز، ئۇلار سىزگە تېخىمۇ بەك زىيان يەتكۈزىدۇ. ھەرقېتىم سىز غەزەپلەنگەندە، تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچى چوقۇم غەزىپىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. بۇ چاغدىكى جازا سىز ئاشۇ ئىشنى دەسلەپتە قىلغان چاغدىكىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. مېگە يۇغۇچىلار سىزنى گەپ-سۆز ئارقىلىق، جىسمانىي ياكى جىنسىي خورلاش ئارقىلىق ھاقارەتلەشكە مايىل كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ۋاقىت تاللىماستىن، سىزنى ئۆز خىزمەتداشلىرى ياكى دوستلىرىنىڭ ئالدىدىلا خارلايدۇ. بۇ خىل خارلىق سىزنىڭ قەدىر-قىممەت تۇيغۇڭىزنى تېخىمۇ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

### ھەممىگە قادىرلىقنى نامايەن قىلىش

مېڭە يۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنى مۇناسىۋەت جەريانىدا، ئۆز دوستلىرىنى ئىشقا سېلىپ پېيىڭىزغا چۈشىدۇ ياكى شۇنچىكى تاسادىپىيلىقلارنى سۈيئىستېمال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ـــ نەق مەيداندا يوق ئەھۋالدىمۇ ـــ پۈتكۈل ئىشلىرىڭىزنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

## سىناق

مېڭە يۇغۇچىلار ھېچقاچان ئۆز ۋەزىپىسىنى تاماملاندى دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى، نىشانلانغۇچىلار قايتىدىن ئۆزىنى ئۆزى تىزگىنلىيەلەيدىغان ھەمدە ئۆزلىرى ھەققىدە تەنقىدىي تەپەككۇر قىلالايدىغان بولىدىغان ئەھۋاللار دائىملا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. نىشانلانغۇچىلارنى سىناش ئۇلارنىڭ ھېلىھەم «مېڭىسى يۇيۇلۇپ بولغان» ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، شۇ پەيتتە مېڭە يۇغۇچىنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتلىرىنى قانچىلىك تىزگىنلىيەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ سىناق بىرەر ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرىش ياكى بىرەر دۇكاننى بۇلاش دېگەندەك مەلۇم بىر خىل جىنايەتنى سادىر قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

## مېڭە يۇيۇلۇشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش

كىشى مېڭە يۇيۇلۇشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالامدۇ؟ جاۋابى، ھەئە. سىز مېڭىڭىزنىڭ يۇيۇلغانلىقىنى بىلسىڭىزلا، ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالايسىز ھەمدە يېقىن مۇناسىۋەتلەردىكى زوراۋانلىقتىن ساقىيىپ، ئۆزىڭىزنى قايتىدىن كونترول قىلالايدىغان بولىسىز. سىز ئالدى بىلەن تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچىنىڭ سىزنى تىزگىنلەش ئۈچۈن زادى قانداق مېڭە يۇيۇش تېخنىكىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك.

## تىزگىنلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللانسىڭىز بولىدىغان بەزى تەدبىرلەر

### يالغۇزلۇققا خاتىمە بېرىش

ئۆزىڭىز ھېس قىلىۋاتقان ھەرقانداق ۋەھىمىنى يېڭىشنىڭ ئەڭ تېز ئۇسۇلى شۇ مەسىلە ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىڭىزنى باشقىلارغا ئوچۇق بايان قىلىشتۇر. تىزگىنلەنگەنلىكىڭىز ھەققىدە پىسخىكا

دوختۇرى بىلەن پاراڭلىشىشىڭىز تولىمۇ ئاقىلانىلىكتۇر. مەن ھەممە ئادەمنىڭ بۇنداق قىلىشقا تەييار ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، سىز پاراڭنى ھاۋارايى ياكى ئالدىنقى كۈندىكى مۇسابىقىدىن باشلىسىڭىز بولىدۇ، بۇنداق قىلىغاندا ئاۋۋال ئانچە-مۇنچە ئىشەنچ تاپالايسىز. بېكىنىۋېلىش سىزنى مېڭە يۇيۇلۇشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. مېڭىڭىزنىڭ يۇيۇلغانلىقىدىن خەۋىرى بار، شۇنداقلا رېئاللىقتىن چەتنىگەن، مېڭىڭىز يۇيۇلغان دۇنيارىڭىزدا، سىزگە ئاقىلانە مەسلىھەت بېرەلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈڭ.

**خارلاشنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى بىلىۋېلىڭ**

بىلىم كۈچتۇر، سىز تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچىنىڭ سىزنى خارلاش ۋە ھاقارەتلەش ئۇرۇنۇشلىرىنى بىلىم ئارقىلىق توسۇپ قالالايسىز. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى خارلىغۇچىنىڭ سىزگە زىيانكەشلىك قىلىشتىكى مەقسىتىنىڭ سىزنى تىزگىنلەش ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ۋە سۆزلىرى سەۋەبلىك ئۇنچە ئازابلىنىپ كەتمەيسىز. يېقىن مۇناسىۋەتلەردىكى خارلاش ۋە زوراۋانلىق ھەققىدە ئىمكانقەدەر كۆپ مەلۇمات ئىگىلەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇزۇنغا قالمايلا ھەمرايىڭىزدىن سادىر بولغان ئاغزاكى خارلاشنىڭ تۈرىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋالالايسىز. ئاغزاكى خارلاشنىڭ تۈرىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق زىيانلىق قىلمىش ۋە سۆزلەردىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىسىز، چۈنكى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچى سىزگە زىيان يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنغاندا، سىز بۇ قىلمىش ۋە سۆزلەرنىڭ كونكرېت تۈرىنى ئېيتىپ بېرەلەيسىز. مەۋجۇت خارلاشنىڭ تۈرىنى، ئۇلارنىڭ قانداق كۆرۈنىدىغان ۋە ئاڭلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىڭ، شۇنداقلا ئاشۇ خىل خارلاشنىڭ سىزدە قانداق ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. سىز «ئۇلار نېمىشقا مېنى خارلايدۇ؟» دېگەن بۇ سوئالنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئۇنچە كۆپ ۋاقتىڭىزنى زايە قىلماڭ.

**ئازابنى، تەشۋىشنى ۋە ئوي-خىياللارنى قوبۇل قىلىڭ**

سىز مېڭە يۇيۇلۇشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش جەريانىدا تۈرلۈك كۆڭۈلسىز ھېسسىياتلارنى باشتىن كەچۈرىسىز. بۇنىڭغا قارىتا، سىز تەپەككۇرىڭىزنى تازىلىشىڭىز ھەمدە تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچىنىڭ دۇنياسىدىن ئايرىلىشىڭىز كېرەك. سىز تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچىنىڭ مەقسىتىنىڭ سىزگە زىيان يەتكۈزۈش ئىكەنلىكى ھەمدە بۇ رەزىل نىيىتىنى چىرايلىق نىقاب بىلەن يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ

يەتكىنىڭىزدە، ۋەھىمىنى باشتىن كەچۈرىسىز. ئەڭ ئىدراكىي ۋە غەيرىي ئىدراكىي ھېسسىياتلاردىن بىرى ۋەھىمىدۇر. لاياقەتلىك ئائىلە زوراۋانلىقى مەسىلىلىرى ئادۋوكاتى ياكى پسىخىك دوختۇرى سىزنىڭ ۋەھىمىنى تېخىمۇ ساغلام ۋە ئۈنۈملۈك رەۋىشتە بىر تەرەپ قىلىشىڭىزغا ۋە يېڭىشىڭىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

### تەشۋىش ۋە ۋەھىمىدىن مەنبەلەنگەن بېسىمنى پەسەيتىش

تىزگىنلەشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن بېسىمنى يېنىكلىتىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغۇچىدىن ئايرىلىشتۇر. شۇنداق قىلغاندا، ئۇ ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان تەرزدە خاتىرجەملىكنى ھېس قىلالايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر (ئۆزگە زىيان يەتكۈزىدىغانلاردىن) قول ئۈزۈشكە تەييارلىنىپ بولالمايدۇ، ھەتتا مەڭگۈ شۇلار بىلەن بىللە ئۆتۈشنى تاللايدۇ. سىز يەنە تەشۋىش ۋە بېسىمغا قارشى تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللانسىڭىزمۇ بولىدۇ:

- ساغلام ئاۋازلىق ئەسەرلەرنى تىڭشاش
- مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش
- چوڭقۇر نەپەسلىنىش تېخنىكىسى
- چوڭقۇر ئويلىنىش تېخنىكىسى
- تېخىمۇ ياخشى داۋالىنىش شارائىتى
- ۋاقىت چىقىرىپ پىيادە مېڭىش

### تىزگىنلەش زوراۋانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ

گەرچە بۇ جىسمانىي زوراۋانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق تىزگىنلەش ۋەقەسىدە كەم دېگەندە ئىجتىمائىي ۋە پسىخىكىلىق زوراۋانلىق مەۋجۇت. شۇنىڭغا ھەم دىققەت قىلىش زۆرۈركى، تەپەككۇرنى تىزگىنلەش (mind manipulation) مېڭە يۇيۇشتىن پەرقلىقتۇر. مېڭە يۇيۇشتا، زىيانلانغۇچى تاجاۋۇزچىنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مېڭە يۇيۇش ئۇرۇش جەريانىدا، مەھبۇسلارنىڭ قىممەت قاراش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، مېڭە يۇيۇش ئادەتتە جىسمانىي زوراۋانلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا زىيانلانغۇچىلار ھەقىقەتەن

ئۆزلىرى ئادەتتە قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا كۆندۈرۈلىدۇ. لېكىن، ئۇلار دۈشمەندىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مېڭە يۇيۇشنىڭ تەسىرى يوقايدۇ.

مانا مۇشۇ جەھەت تەپەككۇرنى تىزگىنلەشنى جىسمانىي مەجبۇرلاش، قىيىن-قىستاق، خارلاش ۋە مېڭە يۇيۇشقا قارىغاندا، تېخىمۇ خەتەرلىك ۋە ئۈنۈملۈك قىلىدۇ. شۇنى تەكرار ئەسكەرتىمىزكى، تەپەككۇرنى تىزگىنلەش جىسمانىي زوراۋانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، لېكىن ئۇ نۇرغۇن ئەھۋاللاردا باشقا مېڭە يۇيۇش مېتودلىرىدىن ۋە باشقا تېخنىكىلاردىن ئۈنۈملۈكتۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەجبۇرلاش (يەنى مېڭە يۇيۇش) قىلمىشنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، لېكىن تەپەككۇرنى تىزگىنلەش (بۇ «مەجبۇرىي قايىل قىلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پۈتكۈل شەخسىي پوزىتسىيەنى، قىممەت قاراشلارنى، قىلمىشلارنى ۋە تەپەككۇر جەريانىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، زىيانلانغۇچى بۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھالدا، ئۆزگىرىش جەريانىغا پائال ۋە خۇشال تەرزدە ئىشتىراك قىلىدۇ.

سىز ئىشەنگەن، ياخشى كۆرگەن ۋە ياردەم قىلغان بىر كىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە سىزنى تىزگىنلەۋاتقانلىقىنى قوبۇل قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن. ئەنە شۇ تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇش تىپىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە مۇپتىلا بولغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنىڭ قىيىن بولۇشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. چۈنكى، بۇنداق كىشىلەر زىيانكەشلىك قىلغۇچىنىڭ ئۆزلىرىنى تىزگىنلەۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ھەتتا، زىيانلانغۇچى تىزگىنلەنمىگەن چاغدىمۇ، (تىزگىنلىنىش نەتىجىسىدە) ئاللىقاچان ۋۇجۇدقا چىقىپ بولغان ئۆزگىرىشلەردىن ۋاز كەچكىلى ئۇنىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار «ئۆزگىرىشنى ئۆزۈم قارار قىلغان» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىز ئۆزىمىز چىقارغان قارار بىز چىقىرىشقا مەجبۇرلانغان قارارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن ئۈنۈمگە ئىگە. شۇنداقلا، يېقىن كىشىلىرىمىزنىڭ بىزنى مۇئەييەن قارارلارنى چىقىرىشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بەسىي مۇشكۈل.

سىز كۆزلىگەن نەرسىڭىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىزگىنلەشنى ئۆگەنگەن تەقدىردىمۇ، باشقىلارنىڭ ئىستىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماڭ ھەمدە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.linkedin.com/pulse/brainwashing-dark-psychology-tejas-malpani?utm_source=share&utm_medium=member_ios&utm_campaign=share_via



# بۇ جىنايەتلەر ئۇنتۇلمايدۇ

دەرىن بايلېر

# بۇ جىنايەتلەر ئۇنتۇلمايدۇ[1]

دەرىن بايلېر

قېينئىنىسى نۇرلان پېيونېر جېمنەي ناھىيەلىك خەلق سوتىغا يالاپ ئېلىپ كىرىلگەندە، چولپان ئامىرخان ۋە ھاممىسى ئۇھسىندى. جېمنەي ناھىيەسى شەرقىي تۈركىستان بىلەن قازاقىستاننىڭ چېگراسىغا جايلاشقان. نۇرلان پېيونېر ئورۇقلاپ قاقشالدەك بولۇپ قالغان ۋە ئۇستىبېشىدىن تولىمۇ سېسىق پۇراق كېلىپ تۇراتتى. چولپان ئامىرخان نۇرلان پېيونېرنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا، ئۇنىڭ يۈزىدە چولپاننى تونۇغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمىدى. قاراۋۇل ئۇنى جاۋابكارلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزغاندا، نۇرلاننىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتقان بولۇپ، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى.

نۇرلان پېيونېر چولپان ئامىرخاننىڭ مەھەللىسىدىكى ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان، تېتىك ۋە ناتىق دىنىي زات ئىدى. ھالبۇكى، 14 ئايلىق تۇتقۇنلۇق ھاياتى ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئىلگىرى گوياكى جانلىق قۇرئان بولۇپ، ئۆزى ياشايدىغان قازاق جامائەتچىلىكىدىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئوقۇيالمايدىغان بۇ مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇيتتى. ئۇ ئىلگىرى خىتاينىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىسلامىي تەربىيەلەش مەركىزىدە ئەرەبچە ئىسلامىي كىتابلارنى ئوقۇشنى ۋە دىنىي مۇراسىملارنى ئادا قىلىشنى ئۆگەنگەن موللا ئىدى. ئۇ نىكاھ ئوقۇيتتى، جىنازا نامىزىنى چۈشۈرەتتى ۋە باللارنى خەتنە قىلاتتى. يەنى يېڭى ئائىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ياردەم قىلاتتى، ياشانغانلار ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندا، بوۋاقلار بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇرلان پېيونېر ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇنىڭ پۇت-قولى پالەچلەنگەن بولۇپ، سوتتا ئۆزىنىڭ پوق-سۈيدۈكىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماقتا ئىدى.

نۇرلان پېيونېر ئەمدىلا ئەللىككە ئۇلاشقانىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى — شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتىلغان ۋەھشىيانە باستۇرۇشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە — ئۇنى تۇتقۇن قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ تېنى تولىمۇ تېمەن ئىدى، شۇنداقلا ئۇ جېمنەي ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىكى جانلىق كەنت ۋەكىلى ئىدى.

[1] ماۋزۇ تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى

ھالبۇكى، ئۇنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن جامائەتچىلىك رەھبىرى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى ئۈچ نەپەر قازاق سوتچىنىڭ ئۇنى قازاق جامائەتچىلىكىنى ئاشقۇنلۇققا يېتەكلىگەن جىنايەتچى، دەپ سۈپەتلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. دەۋا تەرتىپى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، چولپان ئامىرخان ۋە ھامىمىسى بىر-بىرىگە يۆلەنگىنىچە سوت مەھكىمىسىدىن چىقتى. چولپان ئامىرخاننىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھامىمىسىغا: «ئۇلارنى ئۇنى ئۆلتۈرۈپلىۋەتكەن بولسا بوپتىكەن» دەپ پىچىرلىغان.

2018-يىلى 8-ئاينىڭ 31-كۈنى، يەنى چولپان ئامىرخان نۇرلان پېيونىرنى سوتتا كۆرۈپ بىر ئايدىن كېيىن، سوت ئۇنىڭغا «ئادەم توپلاپ ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزۇش»، «ئاشقۇنلۇق ئارقىلىق قانۇن ئىجرائاتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش» ۋە «ئاشقۇنلۇقنى ۋە تېرورلۇقنى تەرغىب قىلىدىغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ساقلاش» قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك جىنايەت ئارتىپ، 17 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. نۇرلان پېيونىرغا جازا ھۆكۈم قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەسمىي ھۆكۈمنامىنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىدىن بىرنى بەرگەن. چولپان ئامىرخان 2018-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىققىشقا مۇۋەپپەق بولغاندا، بۇ ھۆكۈمنامىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىققان. بۇ ھۆكۈمنامە شەرقىي تۈركىستاندا يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان باستۇرۇش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ھوقۇق مېخانىزمىنى ئازدۇر-كۆپتۇر چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. 2017-يىلى باستۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، سوت دائىرىلىرى ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئالاقىدار ھۆكۈمنامە ۋە باشقا دېلو ھۆججەتلىرىنى ئاشكارىلاش «نامۇناسىپ»تۇر دەپ قارىغانىدى.

نۇرلان پېيونىرنىڭ ھۆكۈمنامىسى شەرقىي تۈركىستاندا كۈندىلىك ئىسلامىي ئىبادەتلەرنى جىنايەت دەپ قاراش جەھەتتىكى ئەڭ تەپسىلىي ھۆكۈمەت خاتىرىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ دېلوسى تەپتىشلەرنىڭ ۋە سوتچىلارنىڭ مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىنىڭ ئۆتمۈشتە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يول قويۇلغان پائالىيەتلىرىنى قايسى تەرزدە «رەزىل گۇرۇھلار»نىڭ قىلمىشى دەپ قايتىدىن تەبىرلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھۆكۈمنامىدە نۇرلان پېيونېر ۋە توختى سىلام ئىسىملىك بىر ئۇيغۇرغا قارشى پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تەپتىشلەرنىڭ بايانىغا كۆرە، توختى سىلام نۇرلان پېيونېر بىلەن بىرلىكتە مەھەللىدىكى نەچچە ئون ئادەمنىڭ ئاشقۇن پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭدا «ئاشقۇنلۇق مىساللىرى» دەپ قارالغان پائالىيەتلەر، «ئاشقۇن ئىدىيەنى كۈچەيتىدىغان كىتابلار»، ئۆيلەرنىڭ ۋە ئۇسكۈنىلەردىن ئاشقۇنلۇققا دائىر مەزمۇنلارنىڭ قانداق ئىزدەلگەنلىكى، ھەتتا دىنىي پائالىيەتلەرگە بارغان ئاپتوموبىلنى كىمنىڭ ھەيدىگەنلىكى ھەمدە رامزان ئېيىدا «قانۇنسىز» روزا تۇتقان ياش باللارنىڭ ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇنىڭدا قانۇنسىز دەپ قارىلىشتىن ئىلگىرى سادىر قىلىنغان «جىنايەتلەر»نىڭ جاۋابكارلىقىنىڭ قانداق سۈرۈشتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق تەپسىلاتلار بىلەن كۆرسىتىلگەن. توختى سىلام ئۈچۈن دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئاقلىغۇچىنىڭ ھۆكۈمنامىدە

ئېيتقىنىدەك، «جىنايى ئەيىبلەشنىڭ يىل ۋە ئېيىدىن قارىغاندا، جاۋابكار سادىر قىلغان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى 1994~1995- ۋە 2011~2015-يىللىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا، ئالاقىدار قانۇن-بەلگىلىمىلەر تېخى ئېلان قىلىنمىغان، قانۇن تەشۋىقاتى خىزمىتىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ مەزگىلدە جەمئىيەتتە قانۇنىي مەسئۇلىيەتكە قارىتا تونۇش ئومۇمىيۈزلۈك يېتەرسىز ئىدى. بۇ دېلوغا ئالاقىدار ھەرقانداق قانۇنىي بەلگىلىمە بىردەك ھالدا 2015-يىلىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ۋە يولغا قويۇلغان.»

2017-يىلى «قايتا تەربىيەلەش» ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى قۇرامىغا يەتكەن ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ تەخمىنەن ئوندىن بىرى ھەرخىل شەكىلدىكى قاماقخانىلارغا سولاندى. بۇ جازا لاگېرلىرى ۋە سوتلاشتىن ئىلگىرىكى تۇتقۇن قىلىشتىن باشلانغانىدى، لېكىن 2018-يىلىدىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك قاماشقا قاراپ ئۆزگەردى.

خىتاينىڭ دۆلەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلارغا كۆرە، 2017-يىلى (يەنى قايتا تەربىيەلەش ھەرىكىتى باشلانغان يىل)دىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندا 615 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئۈستىدىن رەسمىي ئەرز سۇنۇلغان. 2014-يىلىدىن 2016-يىلىغىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي ئەرز سانى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41 مىڭ 700 بولغان. 2017-يىلى شەرقىي تۈركىستان دائىرىلىرى 220 مىڭ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان بولۇپ، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 437 پىرسەنت ئاشقان (گەرچە قانچىلىك جازا بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى سان-سىفىرلارغا ئېرىشكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما خىتايدا ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇلغان كىشىلەرنىڭ 99 پىرسەنتىگە جازا بېرىلىدۇ). شۇ يىلى، پۈتكۈل خىتاي مىقياسىدا ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇلغانلارنىڭ سانى 1 مىليون 450 مىڭ بولۇپ، دېمەك خىتاي نوپۇسىنىڭ ئاران 1.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان شەرقىي تۈركىستان خىتايدىكى ئومۇمىي ئەرز سانىنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئەرز سانى تۆۋەنلىگەن (شۇنىڭغا ئاساسەن جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالللىقاچان تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ھەمدە جەمئىيەتنى ۋەھىمە قاپلىغانلىقى سەۋەب بولغان). لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، 2017-يىلىدىن 2022-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، خىتايدىكى ئومۇمىي ئەرزنىڭ ئالتە پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى سوت سىستېمىسىنىڭ رولىدىكى ئۆزگىرىش 2017-يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان دۆلەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باياناتلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نۇرلان پىيونېرنىڭ يۈرتى بولمىش جىمىنەي ناھىيەسىدىكى خاسىيەت مۇھتاس ئىسىملىك بىر سوتچى مۇنداق دەپ يازغان: «بىز ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى جازالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوقۇم كۆپ سانلىق كىشىلەرنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىششىمىز ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇقرالارنىڭ ئۇللۇق ھوقۇقىنى تېرورىزم ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ زىيىنىدىن

قوغدىشىمىز كېرەك.» ئۇ يەنە شۇنى ئىلاۋە قىلغان: بۇنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن، سوت مەھكىمىسى چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى تەلەپ قىلغان «ئالدىنى ئېلىش» ۋە «ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش» تەدبىرلىرىنى نورمال ھالەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

نۇرلان پېيونېرنىڭ ناھىيەسىدىكى تەپتىشلەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ «رەزىل گۇرۇھلار»غا قارشى سىياسىي ھەرىكەتنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەزكۇر رايوندا ئۇلار ھۆكۈمەت خادىملىرىنى «جىنايى» قىلمىشلارنىڭ پاكىتلىرىنى تېپىش ئۈچۈن، شەپىسىزلا «كەنتلەرگە ۋە ئۆيلەرگە كىرىش»كە مەشغۇل قىلدۇرغان. 2017-يىلى، بۇ ھەرىكەت «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت، قانۇنسىز دىنىي ماتېرىيال ۋە قانۇنسىز دىنىي تورنى تارقىتىش»تىن ئىبارەت «ئۈچ قانۇنسىز»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدىكى «قانۇنسىز تەشۋىقات ماتېرىياللىرى»نىڭ كەڭ كۆلەمدە مۇسادىرە قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

تەپتىش خادىملىرى ئىلگىرىكى نورمال كۈلتۈرەل ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى «خىتاي جەمئىيىتىنى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىسلامىي سۈيىقەست» دەپ سۈپەتلىگەن.

2020-يىلى، بىر نەپەر تەپتىش ئەمەلدارى مۇنداق دەپ يازغان: ئاشقۇنلۇق، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېرورىزمدىن ئىبارەت «ئۈچ خىل كۈچ» «دىنىي تەلىماتلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلاش» ئارقىلىق مەھەللىلەرگە سىڭىپ كىرگەن. نەتىجىدە بۇ «ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئەسەبىيلىشىشى»گە سەۋەب بولغان بولۇپ، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كىشىلەر «دىنىنىڭ ئۆزىگە ئېتىقاد قىلماستىن، ئېغىر زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇق جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىشقا باشلىغان.»

مەن 2015-يىلى ئەينى چاغدا نورمال ھېسابلىنىدىغان بىر ئىجتىمائىي ۋەقەگە، يەنى بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تويىغا شاھىت بولغانىدىم. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىلىق ياشلار گىلەم سېلىنغان مېھمانخانىدا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆڭلەكلىرىنى كىيىشكەن، يەنە بەزىلىرى بولسا مەخسۇس ئاشۇ سورۇن ئۈچۈن كاستيۇم-بۇرۇلكا سېتىۋېلىشقانىدى. ئەينى چاغدا ئۇرۇمچىدە ياشاۋاتقان مىللەت تەزكىرىچىسى بولمىش كەمىنە ئاشۇ ئۆيدىكى ئۇيغۇر ئەمەس بىردىنبىر ئادەم ئىدىم. بىر موللا ماڭا يېقىن يەردىكى بىر يىگىتكە سۆز قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى قانداق ئېچىپ بەرگەنلىكى ھەمدە نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنى قانداق يوقاتقانلىقى ھەققىدە توختالدى. ئاندىن بۇ موللا دۆلەت تەستىقلىغان توي خېتىگە ئىلتىماس قىلغان قىز-يىگىت ئۈچۈن نىكاھ ئوقۇدى ۋە قۇرئاندىكى دۇئالارنى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ كېلەچىكىگە بەخت تىلىدى. چۆرىمدە ئولتۇرغان ياش يىگىتلارنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاماق، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلى ۋاقتى ئىدى.

2017-يىلىغا كەلگەندە، شۇ قېتىملىق سورۇن «ئادەم توپلاپ ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزۇش»نىڭ مىساللىرىدىن بىرى، دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن باشلانغان ئەرز قىلىش ھەرىكىتىگە بىنائەن، (شۇ قېتىملىق تويغا قاتناشقان) مەن ۋە ئەتراپىمدىكى كىشىلەر بىردەك ھالدا «قانۇنسىز دىنىي تەلىم ئېلىش جىنايىتى» سادىر قىلغان ھېسابلىنىپتۇق. شۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلىقىمىزنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ كېيىنچە ئىشەنچسىز دەپ قارىلىپ، قايتىدىن تەربىيەلىنىشىمىزگە يېتىپ ئاشاتتى. دۆلەت تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھېلىقى موللا بولسا، ئاشۇ يىگىرمە مىنۇتلۇق تەبلىغى ۋە قۇرئان تىلاۋىتى سەۋەبلىك بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

رۇن ستېنبېرگنىڭ (Rune Steenberg) 2013-يىلى، يەنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش باشلىنىشتىن ئىلگىرى قەشقەردە ئېلىپ بارغان نىكاھ مۇراسىملىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى دۆلەت ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن موللا ۋە ئىماملارنىڭ توي-تۆكۈنلەردە سۆز قىلىشىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ «توي پەسلى» بولمىش ياز ئايلىرىدا، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى ئۆيلەردە تويغا قاتنىشاتتى. ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىن كېيىن، شۇنداقلا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە، مەسچىتلەرنىڭ سىرتىدىكى بۇ يېرىم ئاشكارا پائالىيەتلەر ئىزچىل ھالدا ئىسلامىي ئەنئەنىنى يايدىغان مۇھىم بوشلۇق بولۇپ كەلگەنىدى.

2014-يىلىدىن ئىلگىرى، بەزى رايونلاردا، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە تەقۋالىق يولىنى تۇتقان ئۇيغۇر ۋە قازاقلار نۇرغۇن تويلاردا بار بولغان ناخشا-مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللارنى تەرك ئېتىپ، نىكاھ مۇراسىمىغا ۋە موللىلارنىڭ تەبلىغلىرىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشتى. بەزى ئەھۋاللاردا، كىشىلەر نىكاھتا سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان موللىنىڭ داڭقى سەۋەبلىك بەزى تويلارغا ئاتايىن قاتناشقان. شۆھرىتى تېخىمۇ ئۈستۈن بولغان بۇ موللىلار كېيىنچە دۆلەتلىك ساقچى ماتېرىياللىرىدا «ياۋا ئىماملار» — يەنە بەزىدە ئاشقۇن گۇرۇھلارنىڭ كاتتىباشلىرى — دەپ ئاتالغان.

2015-يىلى، بۇ مۇراسىملار نورمال ھېسابلىناتتى. ئەڭ كەمدە، دۆلەت ماقۇللىمىغان بولسىمۇ، نورمال داۋاملىشىۋاتقان «كۆلرەڭ پائالىيەت»لەردىن ئىدى. خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ «بىرلىكسەپ بۆلۈمى» 2014-يىلى «ئاشقۇنلۇقنىڭ 75 خىل ئىپادىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئاتالمىش «ئىپادە»لەر «ناھىيە ئاتلاپ دىنىي پائالىيەتلەرگە ھەمدە ناخشا-مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلسىز تويلارغا قاتنىشىش»نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن، مەن ئەينى چاغدا كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ ھېچبىرى بۇ خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ياكى شۇنداق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنى جىنايى قىلمىش، دەپ قارىمايتتى. كۆپىنچە كىشىلەر بۇ خىل پائالىيەتلەر مەلۇم بىر موللىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىشاتتى. لېكىن، ئاللىقاچان بەزى كىشىلەر قولغا ئېلىنىشقا باشلىغانىدى.

2017-يىلى مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ئىلگىرى ئاللىقانداق مۇراسىملارغا قاتناشقانلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىندى. 2021-يىلىدىكى ئېرىشكىلى بولىدىغان سانلىق مەلۇماتلارغا قارىتىلغان بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشكە كۆرە، تەتقىقاتچى پېتىر ئىرۋىن (Peter Irwin) 2014-يىلىدىن كېيىن، كەم دېگەندە مىڭ نەپەر ئىمام ۋە موللىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەن تەكشۈرگەن ئۈرۈمچى ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئىچكى سانلىق مەلۇمات توپلىمىدا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۈزلىگەن دىنىي زاتلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ خىل سورۇنلارغا قاتناشقانلىق تۇتقۇنلارنىڭ ئارىسىدىكى رەھبەر ئەمەسلەرنىڭ ئاساسلىق تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. تەتقىقاتچى جىن بۇنىن (Gene Bunin) تەرىپىدىن باھالانغان 45 مىڭدىن كۆپرەك تۇتقۇننىڭ ئۇرنىكىدە، دۆلەت ھۆججەتلىرىدە دىنىي پائالىيەتلەر ياكى «ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزۇش»، «ئاشقۇنلۇق» دېگەندەك دىنىي پائالىيەتلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئىبارىلەر ئەللىك پىرسەنتتىن كۆپرەك ئەھۋالدا تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن.

نۇرلان پېيونېرغا قارىتىلغان ئاساسلىق ئەيىبلەشلەردىن بىرى ئۇنىڭ كەم دېگەندە 39 جۈپ قىز-يىگىتنىڭ نىكاھىنى ئوقۇغانلىقى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 13 نىكاھتا، جورىلار ھۆكۈمەت تارقىتىدىغان توي خېتىنى ئالماي تۇرۇپلا نىكاھ ئوقۇتقان. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر مىسالدا، نۇرلان پېيونېر ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ھەم بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ نىكاھىنى ئوقۇغان، ھەم ئۇلارنى ئاجراشتۇرغان. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ دەۋا قىلىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇرلان پېيونېرنىڭ «ئاشقۇنلۇق ئارقىلىق قانۇن ئىجرائاتىغا توسقۇنلۇق قىلىش» جىنايىتى سادىر قىلغانلىقىنىڭ پاكىتلىرى ئىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە 17 خىل پەرقلىق سورۇندا دىنىي تەبلىغ قىلغانلىقى ئۈچۈن، تەپتىشلەر ئۇنىڭ «ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزۇش جىنايىتى» سادىر قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئاياللارغا قۇرئاننىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇشنى ۋە رامزاندا روزا تۇتۇشنى ئۆگىتىش بىلەن ئەيىبلەنگەن. مەسىلەن، ئۇ 2013- ۋە 2014-يىلىدىكى «قەدىر كېچىسى»دە — بۇ رامزان ئېيىدىكى ئەڭ مۇھىم كېچىدۇر — ئاياللارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغان. چولپان ئامىرخاننىڭ بىلدۈرۈشىچە، نۇرلان پېيونېرنىڭ بۇنداق قىلىشىغا كۆپ قىسىم قازاق ۋە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدە ئاياللارنىڭ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇمايدىغانلىقى سەۋەب بولغان. «شۇ ۋەجىدىن، ئاياللار ئۇنىڭدىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان، چۈنكى ئۇ ئاياللارمۇ ئەنئەنىمىزنى ئادا قىلالىشى كېرەك، دەپ قارايتتى» دەيدۇ ئۇ.

مىللىي مۇزىكىلار تەتقىقاتچىسى راچېل خارىسنىڭ (Rachel Harris) كۆرسىتىشىچە، بەزى جايلاردا ئاياللارغا «بۈۋى» دەپ ئاتىلىدىغان ئايال دىنىي زاتلار ئىمامىلىق قىلغان. لېكىن، بۇنداق ئاياللار يوق بولغان ئەھۋالدا، ئەر جامائەت ئەربابلىرىدىن ئاياللارغا ئىماملىق قىلىشى تەلەپ قىلىنغان.

نۇرلان پىيونېر قەدىر كېچىسىدە ئاياللارغا ئىماملىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەزىلەتتە مىڭ ئايغا تەڭ كېلىدۇ دەپ قارىلىدىغان بۇ كېچىدە دىققىتىنى يىغقان ھالدا ناماز ئوقۇشىغا، قۇرئان ئوقۇشىغا ياردەم قىلغان ھەمدە ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىپ دۇئا قىلغانىدى.

2017-يىلى، سوتچىلار ۋە تەپتىشلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىكى «قانۇنسىز تەشۋىقات ماتېرىياللىرى»نى يىغىشقا باشلىغاندا، ئۇلار نۇرلان پىيونېر قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويغان 112 پارچە كىتابنى مۇسادىرە قىلغان ھەمدە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى 55 پارچە كىتابنى قانۇنسىز ئەسەر، دەپ قارىغان.

2015-يىلى، ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزىدىكى يەنئەن يولىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى دائىم دېگۈدەك ياشلار بىلەن لىق تولاتتى، ئۇلار كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بۆلۈمچىسىنىڭ تەكچىسىدە ئولتۇرۇپ، ئەڭ يېڭى ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرىنى ياكى ئەسەت سۇلايماننىڭ ياۋروپادىكى ساياھەت خاتىرىسىگە ئوخشاش ساياھەت خاتىرىلىرىنى زوق-شوق بىلەن ئوقۇيتتى. بۇ ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزىلاردىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ياكى دېھقانلارنىڭ بالىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۈچ~تۆت دوللار قىممىتىدىكى بۇ كىتابلارنى سېتىۋالالمىغاچقا، كىتابخانىلاردىن كۇتۇپخانا سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، كىتابلارنى سېتىۋالماي ئوقۇيتتى. دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بۇ چوڭ كىتابخانىدا خىزمەتچىلەر ئۇلارغا دەخلى قىلماستىن، غۇۋا چىراغ نۇرى ئاستىدا نەچچە سائەتلەپ كىتاب ئوقۇغىلى قوياتتى.

مەن 2015-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا نەق مەيدان تەتقىقاتى جەريانىدا پاراڭلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنى كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇنىڭ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى باشقا زامان ۋە ماكان بىلەن تولدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا 1960-يىللاردىكى مىسىردا ياكى 1990-يىللاردىكى ياۋروپادا ھاياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەنمەيتتى، ئەمما بۇ (يەنى ئوقۇغان كىتابلىرى) ئۇلارغا ئانچە-مۇنچە پاراڭ دەسمايىسى بېرەتتى، شۇنداقلا بەزىلەرگە ئۆزى بىلىدىغان ھاياتتىن باشقىچە ھاياتقا بولغان ئۈمىد بېغىشلايتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرى ئوقۇۋاتقان — ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا دىنغا مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا ئۇيغۇر كۇلتۇرى ياكى چەتئەل تارىخىغا ئالاقىدار — كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك قانۇنسىز دەپ قارىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

تارىخشۇناس ريان سامىنىڭ (Rian Thum) كۆرسەتكىنىدەك، ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان، خەتايچە بولمىغان ئەسەرلەر ۋە ئاغزاكى ھېكايىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئۆزىنى ۋە ئۆز تارىخىنى چۈشىنىش شەكلىدۇر. ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلارغا ئالاقىدار تارىخىي ھېكايىلەر ۋە شۇلارنىڭ جەسەتلىرى كۆمۈلگەن دەپ قارىلىدىغان مازارلار شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئاجايىپ مەنزىرە شەكىللەندۇرگەنىدى. ئۇيغۇرلارنى مانجۇلارغا قارشى كۈرەش قىلغان، مىللەتچى خىتايلارنى تەۋەنگە قوغلىۋەتكەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان،

ئاندىن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلغان قەھرىمانلار سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن، تېخىمۇ يېقىنقى تارىخقا ئالاقىدار رومانلار مىليونلىغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئوقۇلغانىدى. نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، كىتابنىڭ ئۆزى مۇقەددەس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار بىر پارچە كىتابنى، بولۇپمۇ دىنىي كىتابنى ۋەيران قىلىشنى ئاللاھقا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، دەپ قارايتتى. كىتابقا ئىگە بولۇش كىشىنى ئۈستۈن ماقامغا ۋە شۆنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن مەسئۇلىيەتكە ئىگە قىلاتتى. بۇ ئەسەرلەر قوغدىلىشى ۋە ھۆرمەتلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئورنىغا قىزىقىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار يەنە ئوتتۇرا شەرق ۋە تۈركىيەدىن مەنبەلەنگەن، خىتاينىڭ شەرقىدىكى ۋە تەيۋەندىكى تۇڭگان تەتقىقاتچىلار خىتايچىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، بۇ كىتابلار — ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى نەشرىياتلاردىن باشقا شەخسىي نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان — ئۇيغۇر ۋە قازاق جامائەتچىلىكى ئارىسىدا، بولۇپمۇ دىنىي ئۆلىمالارنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىلىرىدا كەڭ تارقالغانىدى.

ئىلگىرى مۇقەددەس دەپ قارالغان كىتابلار ئەمدى خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى. نۇرلان پىيونېر قىينىلىشىغا سەۋەبچى بولۇش چولپان ئامىرخاننىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، نۇرلان پىيونېر قولغا ئېلىنغان ۋە كىتابلىرى مۇسادىرە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكى كىشىلەر ئۆيلىرىدىكى «ئىسلامىي» دەپ قارىلىشى مۇمكىن بولغانلىكى نەرسىنى كۆزدىن يوقىتىشقا باشلىغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىز قايسى كىتابلارنىڭ خەتەرلىك دەپ قارىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق، شۇڭا بىز قولىمىزدىكى ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆيىمىزدىكى ئوچاقتا بەتمۇ بەت كۆيدۈرۈۋەتتۇق. بىزدە ئۇلارنى (كۆيدۈرۈۋېتىشنىڭ ئورنىغا) تاشلىۋەتكۈدەك جاسارەت يوق ئىدى، چۈنكى بىز بۇ كىتابلار ئارقىلىق سالاھىيىتىمىزنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تونۇشلىرىمنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، ئېرىقلار كەنت ئاھالىلىرى يېرىم كېچىدە تاشلىۋەتكەن، سۇدا كۆپۈشۈپ كەتكەن زور مىقداردىكى كىتابلار بىلەن توسۇلۇپ قالغان. ئۇيغۇر شائىر تاھىر ھامۇت ئىزگىل ئۆز ئەسلىمىسىدە، تەشۋىشكە چۆمگەن قوشنىلىرىنىڭ يېرىم كېچىدە دىنىي ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قورۇسىنىڭ ئەۋرەز يولىغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇلار يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ئۇلارنى قوغدىشىغا ئىشەنمىگەچكە، بۇ ئەسەرلەرنى ئۇلارغا بىۋاسىتە تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالىمىغان.

نۇرلان پىيونېر ساقلىغان ۋە ئۇنىڭ دېلوسىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردىن بىرى «ياخشىلار باغچىسى» دېگەن ھەدىس كىتابى بولۇپ، بۇ كىتاب ئۇيغۇر ئالىم مۇھەممەد سالىھ ۋە ئۇنىڭ قاتاردا خەلقئارالىق ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە ئەرەبچە ئۆگەنگەن قىزى نەزىرە مۇھەممەد سالىھ تەرىپىدىن

ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. بۇ كىتاب 2005ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى «خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىنكى ئون يىلدا، شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئىمام ۋە مولىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ نۇسخىنى ئۆلچەملىك نۇسخا سۈپىتىدە ئىشلەتكەنىدى. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كۇلتۇر مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ھەمدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چاتاق بار دەپ قارالغان نۇرغۇن بۆلەكلەر چىقىرىۋېتىلگەن بولغاچقا، مەزكۇر تەرجىمە نۇسخا ئەرەبچە ئەسلى نۇسخىسىدىن خېلى بەكلا قىسقا ئىدى. تاكى مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ۋە قىزى نەزىرە مۇھەممەد سالىھ 2017ـ يىلى قولغا ئېلىنغانغا ـــ ئۇلارغا «تېرورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇقنى تەرغىب قىلىش، تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىگە كۈشكۈرتۈش» دېگەن بەتنام ئارتىلغان بولۇشى مۇمكىن ـــ قەدەر، كۆپىنچە ئۇيغۇرلار بۇ كىتابنى خەتەرلىك، دەپ قارىمايتتى. مۇھەممەد سالىھ ھاجىم قولغا ئېلىنىپ قىرىق كۈن بولماستىنلا 82 يېشىدا جان ئۈزگەندە ـــ بۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدە ھاياتىدىن ئايرىلغانلار توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خەۋەرلەردىن بىرىدۇر ـــ، مەزكۇر تەرجىمە ئەسەرنى ساقلىغاندا قولغا ئېلىنىش مۇمكىن ئىكەنلىكى ئاندىن كۆپچىلىككە ئايان بولدى.

قانۇنسىز دەپ قارالغان باشقا تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ نۇرغۇنى خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلار ئىدى. مەسىلەن، «ھىندى ئىماملاردىن نەقىللەر» ھەممىگە تونۇشلۇق ۋە كەڭ دائىرىدە ئوقۇلغان، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئائىلە مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب بولۇپ، بۇ كىتاب تېرورلۇقنى ۋە سىياسىي زوراۋانلىقنى «ئىسلامغا زىت» دەپ ئوچۇق-ئاشكارا ئەيىبلەيدىغان، ھىندىستاندىكى چوڭ كۆلەملىك ئىسلامىي ئۇيۇشما بولمىش «ھىندى ئىسلام جامائىتى» دېگەن تەشكىلاتقا تەۋە غوللۇق ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يەنە بىر كىتاب ئوقۇرمەنلەرگە قانداق ناماز ئوقۇشنى، تاھارەت ئېلىشنى ۋە باشقا دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشنى ئۆگىتىدىغان «ئىسلامىي تەربىيە» دېگەن كىتاب ئىدى.

نۇرلان پېيونېر توغرىسىدىكى ھۆكۈمنامىگە كۆرە، «ئىسلامىي تەربىيە» 2005ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئاخبارات-نەشرىيات تەكشۈرۈش ئىدارىسى» تەرىپىدىن2005ـ يىلى ئاشقۇن، دەپ قارالغان. لېكىن، مېنىڭ زىيارەت نەتىجىلىرىمگە كۆرە، تاكى 2017ـ يىلىغىچە بۇنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك، دائىرىلەر نۇرلان پېيونېر تەرجىمە قىلغان ھىندى ئىماملارنىڭ سۆزلىرىنىڭ قازاقچە نۇسخىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، جېمنەي ناھىيەلىك دىنىي ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئالاھىدە كومىتېتى بۇ ئەسەرنى «ئاشقۇن» دەپ بېكىتكەن. مېنىڭ خىتايدا ياشايدىغان تۇغقان تونۇشلىرىم بۇ كىتابلارنىڭ خىتايچە نەشرىنىڭ ھېلىھەم ئۆزلىرىنىڭ كىتاب جازىلىرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ھۆكۈمنامىدە نۇرلان پېيونېر قازاقچىغا تەرجىمە قىلغان بىر پارچە ئەسلىمىگە ئەڭ چوڭ جىنايەت ئارتىلغان. بۇنىڭ زادى قايسى كىتاب ئىكەنلىكى نائېنىق. ھۆكۈمنامىگە كۆرە، ھۆكۈمنامىدە «27-نومۇرلۇق ئەسلىمە» دەپ ئاتالغان بۇ ئەسەر «ئىسرائىلىيەنى يەھۇدىيلاردىن ئازاد قىلىش» زۆرۈرىيىتى توغرىسىدىكى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا ئاياللارنى ھايالىق كىيىنىشكە بۇيرۇغان ھەمدە باللارنىڭ قاچان ئىسلامىي تەربىيەنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلغان. بۇ ھەقتە، نۆۋەتتە چەتئەلدە ياشاۋاتقان بىر نەپەر ئۇيغۇر تونۇشۇم ئوتتۇرىغا قويغان پەرەزگە كۆرە، بۇ ئەسلىمە ئاياللار ھوقۇقى تەرغىباتچىسى، مۇسۇلمان ئايال تەشكىلاتچى زەينەب غەززالىينىڭ «زىندان خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن. زەينەب غەززالىي 1965-يىلى مۇسۇلمان ئاياللارنى دېموكراتىك ئۆزگىرىشكە ئىشتىراك قىلىشقا تەشكىللىگەنلىكى ئۈچۈن مىسىردا تۈرمىگە تاشلانغان.

ھۆكۈمنامىدە نۇرلان پېيونېرنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى ساقلىغانلىقى ۋە تەرجىمە قىلغانلىقى «ئاشقۇنلۇققا تەرغىب قىلىش» جىنايىتى شەكىللەندۈرىدۇ، دەپ قارالغان بولۇپ، بۇ جىنايەتكە بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن. بۇنىڭغا «نىكاھ مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈپ، ئاشقۇنلۇق ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە قانۇن ئىجرائاتىغا توسقۇنلۇق قىلىش» جىنايەتلىرى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىي 17 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن. ھۆكۈمنامىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان نەچچە ئونلىغان گۇۋاھچىنىڭمۇ قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىق ياكى لاگېرلارغا سولانغانلىق ئېھتىماللىقى يۇقىرى.

نۇرلان پېيونېرنىڭ كاردىن چىققان تېنى ۋە نەچچە ئونلىغان باشقا سابىق تۇتقۇنلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن ئېنىق مەلۇم بولغىنىدەك، تەپتىشلەر ئۇنى سوتلاش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلار تولىمۇ ئېغىر بەدەللەر ئارقىلىق توپلانغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى گۇۋاھچىلار ئوچۇق-ئاشكارا ئىقرار قىلىپ، ئۆزلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، نۇرغۇنلىرى قىيىن-قىستاققا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. سوتلاشتىن ئىلگىرى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان نۇرغۇن كىشىلەرگە لاگېرلارغا يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى ئېغىر ئىشكەللەر سېلىنغان. ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش تۈرى بويىچە چەتئەلگە ئوقۇشقا چىققان قازاق ئوقۇغۇچى باغدات ئاكىن مىسىردا ئوقۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا قايتقاندىن كېيىن قولغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ قولدا يېزىلغان، تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ماڭا يەتكۈزۈلگەن، جازا ھۆكۈمىگە قارشى نارازىلىق ئەرزنامىسىدە، ئۇ سوراق قىلغۇچىلارنىڭ تۇتقۇنلارنى ئۇرىدىغانلىقىنى، ئۇخلىغىلى قويمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يېقىندىكى كامېرغا ئەكېلىپ قىينايدىغانلىقىنى ۋە تۇتقۇنلارنى شۇلارنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. سوراق قىلىنغان كىشىلەرنىڭ نالە-پەريادلىرى مەن زىيارەت قىلغان سابىق تۇتقۇنلار تەرىپىدىن تەكرار-تەكرار تىلغا ئېلىنغان ئەھۋالدۇر.

ئۇلار يا ئۆزلىرى ئاشۇنداق قىيىن-قىستاقتا دۇچ كەلگەن، يا بولمىسا قىينالغۇچىلارنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلانغان.

نۇرلان پېيونېرنىڭ ھۆكۈمنامىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، سوت مەھكىمىسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «جىنايەت شايكىلىرى»نىڭ ياكى دىندار قازاق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ «رەزىللىكى» ئىزچىل ھالدا دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىتابخانىلاردا نەچچە ئون يىل سېتىلغان كىتابلارغا يوشۇرۇنغانىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىكەتنىڭ جازا لاگېرلىرىدىن رەسمىي تۈرمىگە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى يېڭى «دائىمىي ھالەت»كە كىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بەزى جايلاردا، ئوچۇق-ئاشكارا نازارەت قىلمىشلىرى يوقاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مەسچىتلەرنىڭ كىرىش ئېغىزلىرىغا ھېلىھەم كىشىلەرنىڭ يۈزى ۋە تېلېفونىنى سىكانېرلىيالايدىغان تەكشۈرۈش تېخنىكىلىرى سەپلەنمەكتە. گەرچە تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ ئازىيىپ، دۆلەت تېرورىنىڭ ئانچە-مۇنچە پەس كويغا چۈشكەنلىكى ئىجابىي شەپە بولسىمۇ، لېكىن يېڭى دائىمىي ھالەت (چوڭ تۇتقۇندىن) ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. شىنخۇا كىتابخانىسىدىكى جازىلاردا ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە كىتابلار قايتىدىن پەيدا بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ يېڭى كىتابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نوقۇل ھالدا خىتايچە كىتابلارنىڭ تەرجىمىلىرىدۇر. جامائەت ئەربابلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى نوپۇزلۇق ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلغىنى يوق. توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغلار ئەمدىلىكتە پارتىيە خادىملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلماقتا.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.chinafile.com/reporting-opinion/features/xinjiang-authorities-are-retroactively-applying-laws-prosecute-religious



# خىتاينىڭ يادرو «قارا نىيىتى» ھەققىدىكى مۇلاھىزە



گرېگورىي كۇلاكى

# خىتاينىڭ يادرو «قارا نىيىتى» ھەققىدىكى مۇلاھىزە

گرېگورىي كۇلاكى

(«ۋىجدانلىق تەتقىقاتچىلار بىرلەشمىسى» يەرشارى بىخەتەرلىك پروگراممىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەھلىلچىسى ۋە خىتاي پروجېكتى دىرېكتورى)

ئامېرىكالىق سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر خىتاينىڭ نېمە ئۈچۈن يادرو قوراللىرى ئامبىرىنى زورايتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىشىنىڭ كويىدا. ئۇلارنىڭ (يەنى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ) بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىشى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكانىڭ يادرو كۈچىنىڭ كەلگۈسى كۆلىمى ۋە تەييارلىق ھالىتى ھەققىدە قانداق قارار چىقىرىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. خىتاينىڭ يۈزلىگەن يېڭى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش قۇدۇقى ياساۋاتقانلىقىدا ئاساسەن شەك يوق. سۈنئىي ھەمرا رەسىملىرى بىر ئوبيېكتىپ باھالىيالايدىغان، رەت قىلغۇسىز پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئەمما، خىتاينىڭ بۇ قۇدۇقلارنى نېمە مەقسەتتە ياساۋاتقانلىقىنى بىلىش تېخىمۇ قىيىن.

ئامېرىكالىق كۆزەتكۈچىلەر بۇنىڭ جاۋابىنى يادرو قوراللىرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئاتالغۇلار تىلغا ئېلىنغان خىتايچە نەشر بۇيۇملىرىدىن ئىزدىمەكتە. لېكىن، تىلنى تەھلىل قىلىش رەسمىگە قاراشتەك ئوبيېكتىپ ئەمەس. تەھلىلچىلەر چوقۇم ئاپتورنىڭ سالاھىيىتىنى، نىشانلانغان قوبۇللىغۇچىلار (كۆرۈرمەن، ئوقۇرمەنلەر)نى ھەمدە يادرو قوراللىرىغا ئالاقىدار ئاتالغۇلار ئىشلىتىلگەن سۆز مۇھىتى (كونتېكست)نى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك. بىر پارچە تاراتقۇ خەۋىرىدە يۇقىرىقى ئۆللۈق تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇشتۇرۇش بەسىي مۇشكۇل. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تاراتقۇلار ئامېرىكانىڭ يادرو قوراللىرى سىياسىتىگە ئالاقىدار قارارلارنىڭ چىقىرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ تەپسىلىي تەھلىللەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى مۇمكىن.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى يېقىندا «خىتاينىڭ يادرو كۈچىدە ۋە ئىستراتېگىيەسىدە چوڭ ئۆزگىرىش» كۆرۈلۈشى مۇمكىنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ماقالىغا كۆرە، خىتاينىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلىرى «يادرو قوراللىرىنى قوغدىغۇچى قالقانلا ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلىرىنى قورقۇتىدىغان ۋە بويسۇندۇرىدىغان يوشۇرۇن شەمشەر دەپ قارايدۇ.» بۇ ئىككى ھۆكۈمنىڭ ئامېرىكانىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنى چۆچۈتۈشىدە ئاساسەن شەك يوق. مەزكۇر ماقالىدە

كۆرستىلىشچە، بۇ ھۆكۈم «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ نەچچە ئون پارچە دوكلاتى ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى»نى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە چىقىرىلغانىدى. بىز مەزكۇر ماقالىدە كۆرستىلگەن خىتايچە مەنبەلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ يادرو قورالىرى ئىستراتېگىيەسىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقىغا ياكى خىتاي ئىستراتېگىيەچىلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يادرو قورالى ئىشلەتمەكچى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ھېچقانچە پاكىت يوقلۇقىنى بايقىدۇق.

مەزكۇر ماقالىدە بۇلتۇر ئامېرىكىدىكى ئاكادېمىك ژۇرنال بولغان «خەلقئارالىق بىخەتەرلىك» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە تەتقىقات ماقالىسىدىن نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقات ماقالىسىدە بىر قانچىلىغان خىتايچە مەنبەلەردىن، جۈملىدىن خىتاي ئارمىيەسى بىلەن باغلىنىشى بار كىشىلەر يازغان ماقالىلەردىن نەقىل ئېلىنغان. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»غا ئوخشمايدىغىنى شۇكى، مەزكۇر ئاكادېمىك تەتقىقاتنىڭ ئاپتورلىرى ــ ئۇلار خىتاينىڭ يادرو قورالىرى سىياستى جەھەتتىكى تەجرىبىلىك تەھلىلچىلەردۇر ــ مۇنداق يەكۈن چىقارغان:

گەرچە سىرتقى كۆزەتكۈچىلەر ئارىسىدا «خىتاي ۋەزىيەتنىڭ ناچارلىشىشىنى تىزگىنلەشنى، ھەتتا چەكلىك رەۋىشتە ئالدىن يادرو قورالى ئىشلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى ئىستراتېگىيەگە قاراپ ماڭماقتا» دېگەن پەرەزلەر بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىز خىتاينىڭ مەۋجۇت «كاپالەتلىك ئۆچ ئېلىش» (assured retaliation) ئىستراتېگىيەسىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى كۆرستىدىغان ھېچقانچە دەلىل بايقىمىدۇق.

«كاپالەتلىك ئۆچ ئېلىش» دېگەن نېمە؟

بۇ خىتاي سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇ بولماستىن، ئامېرىكالىق تەھلىلچىلەر ئىجاد قىلغان ئاتالغۇدۇر. بۇ «نوقۇل ھالدا يادرو ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا يادرو كۈچى ھازىرلاش ۋە ئۇنى ساقلاش ئىستراتېگىيەسى»نى كۆرستىدۇ. خىتاينىڭ «مەڭگۈ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئالدىن يادرو قورالى ئىشلەتمەسلىك» ھەققىدىكى ۋەدىسى «كاپالەتلىك ئۆچ ئېلىش» ئىستراتېگىيەسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

مەزكۇر ئىستراتېگىيەنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك مىقدار ۋە تۈردىكى يادرو قورالغا ئىگە بولۇش كېرەكلىكىگە بىر نەرسە دېيىش قىيىن. بۇ يادرو قورالى بىلەن قوراللانغان، ئالدىن ھۇجۇم قوزغىشى مۇمكىن بولغان دۈشمەنلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە غەرىزى توغرىسىدىكى مۆلچەرگە باغلىق. ئەگەر سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر بىر دۈشمەننى «ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە، بىزنىڭ ئۆچ ئېلىش ئىقتىدارىمىزنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋېتەلەيدۇ ياكى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ» دەپ قارىسا، ئۆزلىرىنىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ كۆلىمىنى زورايتىش زۆرۈر، دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار «دۈشمەننىڭ مۇداپىئە

سىستېمىسى بىز ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن يادرو ئوقبېشىنى نىشانغا يېتىشتىن توسۇپ قالالايدۇ» دەپ ئەنسىرىسە، مۇداپىئە سىستېمىسىنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان يېڭى يەتكۈزۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى قارار قىلىشى مۇمكىن. بۇ قەدەملەرنى بىسىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ھەمدە دۈشمەنىنىڭ ئالدى بىلەن يادرو قورالى ئىشلىتىش ئىستىكى توغرىسىدىكى پەرىزىگە باغلىق.

خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يادرو قوراللىرى ئامبىرىنى قۇرۇشنى بۇنىڭدىن ئاتمىش يىل ئىلگىرىلا باشلىغان. خىتاينىڭ يادرو ئوقبېشى زاپىسى ئىزچىل ئېشىپ، نۆۋەتتە 500 گە يەتكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە (ئامېرىكادا 5244 دانە يادرو ئوقبېشى بار). خىتاينىڭ (مەزكۇر يادرو ئوقبېشلىرىنى) يەتكۈزۈش ئەسلىھەلىرىنىڭ سۈپىتى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي بايلىقلىرى ۋە تېخنىكىلىق ماھارەتلىرى بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ ماڭدى.

خىتاي «1979-يىلى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت نورماللاشقاندىن كېيىن، چوڭ ئۇرۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. شۇنداقلا، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا كۈچلۈك ۋە ئۆزئارا بېقىندىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت شەكىللەنگەنلىكتىن، بۇ خىل ئېھتىماللىق ھېلىھەم تۆۋەن» دەپ مۆلچەرلىمەكتە. لېكىن، ئىقتىسادىي يىرىكچىلىك ۋە ھەربىي جەددىيلىكنىڭ ئوباما ھۆكۈمىتى دەۋرىدە كۈچىيىشىگە، ئاندىن ترامپ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئەۋجىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ نەزىرىدە ئۇرۇش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن، خىتاي رەھبەرلىرى ئىلگىرىمۇ قىلغىنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ كۆلىمى، تەركىبى ۋە تەييارلىق ئەھۋالىغا تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى.

ئامېرىكانىڭ ئىستىخبارات دوكلاتلىرىدا «خىتاي ئالدىمىزدىكى ئون يىلدا ئۆزىنىڭ نىسبەتەن كىچىك كۆلەملىك يادرو قوراللىرىنىڭ كۆلىمىنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرماقچى» دېيىلدى. خىتاي ئۆز نۆۋىتىدە يەنە توسۇش تېخىمۇ قىيىن بولغان يېڭى يەتكۈزۈش سىستېملىرىنى سىنىماقتا ۋە ياسىماقتا. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ماقالىسى «خەلقئارالىق بىخەتەرلىك» ژۇرنىلىدا تىلغا ئېلىنغان خىتايچە مەنبەلەردىن نەقىل ئالغان ھالدا «خىتاينىڭ يادرو قوراللىرىدىكى بۇ خىل ئېشىش خىتاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسىدىكى ۋە خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ غەرىزىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشكە دالالەت قىلىشى مۇمكىن» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن، «خەلقئارالىق بىخەتەرلىك» ژۇرنىلىدىكى تەتقىقات ماقالىسىدە ئوخشاش ئۆچۈرۈلاردىن ئوخشىمىغان يەكۈن چىقىرىلغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدە: «خىتاينىڭ يېڭى يادرو قورال ئىقتىدارى <خىتاي ئۆزىنىڭ ئاتمىش يىللىق كاپالەتلىك ئۆچ ئېلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قانداق تۈتۈم ئىزھار قىلىشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا تېخىمۇ كۈچلۈك بەس-مۇنازىرە مەۋجۇتلۇقى>غا دالالەت قىلىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان.

ناباب نەقىللەر

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ماقالىسىدە يەنە چېن جياچىنىڭ (Chen Jiaqi) بىر پارچە ماقالىسىدىكى بىر قانچە جۈملىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. ئۇ 2021-يىلى مەزكۇر ماقالىنى يازغاندا، «بىرلەشمە ئارمىيە ئىنستىتۇتى»دىكى ئاسپىرانتلار بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقاندى، مەزكۇر ئىنستىتۇت 2017-يىلى «خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى»غا قوشۇۋېتىلىشتىن ئىلگىرى مۇستەقىل «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئارقا سەپ تەمىناتى ئىنستىتۇتى» ئىدى. بىراۋنىڭ خىتاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسى جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلىكىگە ۋە نوپۇزىغا دالالەت قىلىدىغىنى قانداقتۇر ئۇنىڭ خىزمىتى ياكى خىزمەت ئورنى ئەمەس. خىتاينىڭ چوڭ كۆلەملىك « CNKIسانلىق مەلۇمات ئامبىرى»نىڭ چەتئەل نۇسخىسىغا چېن جياچىنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزگەندە، ھەربىي مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ماقالىدىن ئاران بىرى چىقىدىغان بولۇپ، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» دەل ئاشۇ بىر پارچە ماقالىدىن نەقىل ئالغان.

ئاپتور ئۆز ماقالىسىدە «يادرو قورالى» ياكى «يادرو ئىستراتېگىيەسى»نى ھالقىلىق سۆز قىلىپ تاللىماستىن، بۇلارنى پەقەت مۇنداقلا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن. (چېن جياچى تەرىپىدىن يېزىلغان) ئىككى بەتلىك بۇ ماقالە «خىتايدىكى دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئۆزگىرىشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ «خىتاي مۇداپىئە تېخنىكىلىرىنى تىنچ ئىشلىتىش جەمئىيىتى»نىڭ قوللىشىدىكى قوش ئايلىق ژۇرنالدۇر. بۇ ماقالە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ «كۆرۈش بۆلۈكى» سەھىپىسىگە بېسىلغان بولۇپ، «زەمبىرەكنى ساقلاشتا تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى ياخشىلاش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى تەتقىقات» ناملىق ماقالە بىلەن «ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال بىخەتەرلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى تەتقىقات» ماۋزۇلۇق ماقالىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان. بۇ خىتاينىڭ يادرو سىياسىتى پروفېسسورلىرى ياكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى ئۇچۇر ياكى مەسلىھەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىدىغان ژۇرنال ئەمەس.

چېن جياچىنىڭ «كەلگۈسى ئۇرۇشلاردىكى قورال-ياراغ ۋە ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىغا قويۇلىدىغان يېڭى تەلەپلەر» ماۋزۇلۇق بۇ ماقالىسى «خىتاينىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بىر قاتار ھەربىي تېخنىكىلارغا ماسلىشىش ئېھتىياجى»نى مەركەز قىلغان. «كاشىلا تۇغدۇرۇش تېخنىكىلىرى» توغرىسىدىكى بىر ئابزاستا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى يادرو قوراللىرى رىقابىتى «يېڭى ۋە تېخمۇ كەڭ دائىرىلىك تېخنىكىۋى رىقابەتكە ئورۇن بوشىتىدىغان، دەۋرنىڭ ئارقىدا قالغان ھادىسە» دەپ سۈپەتلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئابزاستا،«Boston Dynamics» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئادەمسىز ئۇچقۇ ۋە روبوت ئىتلار (robodogs) مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان، قارىماققا كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان، «ئىستراتېگىيەلىك چۆچۈتۈش ئىقتىدارى» ۋە «ئىستراتېگىيەلىك چۆچۈتۈش قوراللىرى» دېگەن

ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئالدىدا، ئاشۇ ئابزاسنىڭ بېشىدىكى ئانچە تەھدىتكار بولمىغان مۇنۇ جۈملە بار ئىدى:

كۈچلۈك ئىستراتېگىيەلىك چۆچۈتۈش دۆلىتىمىزنىڭ تىنچ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىت يارىتىشتىكى مۇھىم ئاساس، شۇنداقلا دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم شەرتتۇر.

چىن جياچىغا كۆرە، «ئىستراتېگىيەلىك چۆچۈتۈش» ئاتالغۇسى يادرو قوراللىرىنىڭ دارىتمىلاپ ئېيتىلىشى ئەمەس. ئاشۇ ئابزاسنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ «يادرو قوراللىرى ۋە باشقا ئەنئەنىۋى ئىستراتېگىيەلىك چۆچۈتۈش قوراللىرى»نى ھەمدە «يېڭى نەزەرىيە ۋە تېخنىكىلارنى ئاساس قىلغان ئىستراتېگىيەلىك قوراللار»نى تىلغا ئالغان. يادرو قوراللار ئۇنىڭ نەزىرىدە خىتاي چوقۇم داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك بولغان نۇرغۇن «ئىستراتېگىيەلىك» قوراللاردىن بىرىدۇر. چىن جياچى ئاخىرىدا 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى «ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ھەرىكىتى»دىن بۇيان خىتاينىڭ ئىچكى ھەربىي مۇنازىرىلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن بىر خىل كۆز قاراشقا ئىنكاس قايتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

دۇنيا مىقياسىدىكى يېڭى ھەربىي ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش ھەمدە خىتاينىڭ كېلەچەك قۇرۇلۇشى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم قورال-ياراغلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرماسلىقىمىز لازىم.

## ئاگاھلاندۇرۇش

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى، يەنى مەن خىتاينىڭ يادرو قوراللىرى سىياسىتىنى ياخشى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىزمەتنى باشلاپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، خىتاينىڭ يادرو قوراللىرى تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر خىتاي خىزمەتدىشىم ماڭا خىتاينىڭ ھەربىي نەشر بۇيۇملىرىنى ۋاراقلاشنىڭ ئالاقىدار ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى چارە ئەمەسلىكىنى ئېيتقانىدى. «بىلىدىغانلار ئېيتمايدۇ، ئېيتقانلار بىلمەيدۇ» دېگەنىدى ئۇ. خىتاينىڭ يادرو قوراللىرى سىياسىتى ھەققىدە نوپۇزلۇق سۆز قىلالايدىغان خىتاي تەھلىلچىلەر تولىمۇ ئاز. يەنە كېلىپ، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان مەلۇماتلارنى ئاشكارا مەنبەلەردە ئانچە كۆپ ئېيتىپ بەرمەيدۇ.

بارغانسېرى بېكىنمىلەشكەن، چىرىكلىك ۋە جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ يادرو قورالى جەھەتتىكى ئوي-خىياللىرىنى كۆزىتىدىغان خەلقئارالىق ۋە دۆلەت ئىچىدىكى كۆزنەكلەرنى تاقىماقتا. يېڭى بەلگىلىمىلەر چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ خىتايچە نەشىر بۇيۇملىرىغا ئېرىشىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاتماقتا. ھېلىھەم ئوچۇق مەنبەلەردىن ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇچۇرلار يا (نوپۇزدىن خالىي) شەخسىي كۆز قاراشلار، يا تەشۋىقاتلاردۇر. خىتاينىڭ يېڭى «جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» بىلىملىك خىتاي تەھلىلچىلىرىنىڭ چەتئەللىك تەھلىلچىلەر بىلەن كۆرۈشۈشى ۋە ئۇچۇر ھەمبەھىرلىشىشىگە قارىتا چەكلىگۈچىلىك رولىنى ئويناماقتا.

«ۋىجدانلىق تەتقىقاتچىلار بىرلەشمىسى»نىڭ ئىچىدە، بىز خىتاينىڭ يادرو قوراللىرى سىياسىتىنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشى ھەققىدە ئېنىق تونۇشقا ئىگە ئەمەس. بىز ئۆزىمىز سۆنئىي ھەمراھ رەسىملىرىدە ئېنىق كۆرەلەيدىغان ئىككى نەرسىدىن قاتتىق تەشۋىشلەنمەكتىمىز. بىرىنچىسى، يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان يۈزلىگەن قويۇپ بېرىش قۇدۇقلىرى. ئىككىنچىسى، يادرو قوراللىرىنى سىناش ئورۇنلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدۇر. لېكىن، بىز يەنە ئامېرىكانىڭ «بۇ ئىككى تەرەققىيات خىتاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسى ۋە غەرىزىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ» دېگەن پەرىزىدىنمۇ تەشۋىشلەنمەكتىمىز. نوپۇزلۇق ئۇچۇرلار كەمچىل بولغان شارائىتتا، بىز ئوقۇرمەنلەرنى — بولۇپمۇ نۆۋەتتە خىتاينىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئۆزگىرىشكە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، ئامېرىكانىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ كۆلىمىنى زورايتىشنى ئويلىشىۋاتقان ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنى — ئويۇل-تويۇل يەكۈن چىقىرىشقا ئۈندەش خەتەرلىك، دەپ قارايمىز.

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ماقالىسىدە نەقىل قىلىنغان نوپۇزلۇق مەنبەلەردىن بىرى شى جىنپىڭنىڭ 2-زەمبىرەكچىلەر قىسمىغا قىلغان سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. بىز بۇ مەنبەنى تېخىمۇ كۆزدىن كەچۈرمىدۇق. ئەمما يېقىن كەلگۈسىدە بۇ ھەقتە كۈچلۈك تەھلىللەرنى ئېلىپ بارالىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://blog.ucsusa.org/gregory-kulacki/some-things-you-need-to-know-about-that-new-york-times-article-on-chinese-nuclear-ambition/

مسلىسىز ئويغىنىش

# ماشىنا ئۆگىنىشى ھەققىدە



سارا بروۋن

# ماشىنا ئۆگىنىمى ھەققىدە

سارا بىروۋن

(بۇ ماقالە ماسساچۇسېتس تەبىئىي پەنلەر ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى سلوۋن باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ ئورگان تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان)

نۆۋەتتە ھەممە يەرنى قاپلىغان، ئىقتىدارى كۈچلۈك سۈنئىي ئەقىل بارچە ساھەلەرنى ئۆزگەرتمەكتە. تۆۋەندىكىلەر سىزنىڭ «ماشىنا ئۆگىنىمى»نىڭ (machine learning) يوشۇرۇن كۈچى ۋە چەكلىمىلىكلىكى ھەمدە ئۇنىڭ قانداق ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىلىشىڭىز زۆرۈر بولغان مەلۇماتلاردۇر.

پاراڭلىشىش روبوتلىرى (chatbot)، يازماقچى بولغان تېكىستنى مۆلچەرلەش تېخنىكىسى (predictive text)، تىل تەرجىمە قىلىش ئەپلىرى ھەمدە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى تەۋسىيەلىك مەزمۇنلارنىڭ ئارقىسىدا بىردەك ھالدا «ماشىنا ئۆگىنىمى» بار. ئۇ ئاپتوموتىك ھەيدىلىدىغان ئاپتوموبىللارنى ۋە رەسىمگە ئاساسەن داۋالاش ئەھۋالىغا دىياگنوز قويالايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، شىركەتلەر ئۆزىگە سۈنئىي ئەقىل پروگراممىلىرىنى سەپلىگەندە، ماشىنا ئۆگىنىمىدىن پايدىلانغان بولۇش ئېھتىماللىقى ھەممىدىن يۇقىرى. ھەتتا ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، «سۈنئىي ئەقىل» ۋە «ماشىنا ئۆگىنىمى» دېگەن بۇ ئاتالغۇلار ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلمەكتە. ھالبۇكى، ماشىنا ئۆگىنىمى سۈنئىي ئەقىلنىڭ تارماق ساھەسى بولۇپ، ئۇ كومپيۇتېرلارغا ئېنىق پروگراممىلانماستىنلا ئۆگىنەلەيدىغان ئىقتىدار ئاتا قىلىدۇ.

ماسساچۇسېتس تەبىئىي پەنلەر ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى سلوۋن باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ھەمدە مەزكۇر ئىنستىتۇتتىكى «كوللېكتىپ ئەقىل مەركىزى»نىڭ قۇرغۇچى مۇدىرى توماس مالون (Thomas W. Malone) بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «يېقىنقى بەش ياكى ئون يىلدا، ماشىنا ئۆگىنىمى سۈنئىي ئەقىلنىڭ زور كۆپ قىسمىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى ھالقىلىق، ھەتتا ئەڭ مۇھىم ئۇسۇلىغا ئايلاندى. شۇ ۋەجىدىن، بەزى كىشىلەر <سۈنئىي ئەقىل> بىلەن <ماشىنا

ئۆگىنىمى>نى مەنىداش سۆزلەر سۈپىتىدە قوللانماقتا ... سۈنئىي ئەقىل ساھەسىدىكى مەۋجۇت ئىلگىرىلەشلەرنىڭ كۆپىنچىسى ماشىنا ئۆگىنىمگە مۇناسىۋەتلىك.»

ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ ھەممە يەرنى قاپلىشىغا ئەگىشىپ، سودا ساھەسىدىكى ھەممە كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەمدە بۇ ساھەدە ئۆزىنىڭ ئۇللۇق ئېھتىياجلىرىنى قامدىغۇدەك بىلىمگە موھتاج بولىدۇ. دېلويىتى شىركىتىنىڭ 2020-يىلىدىكى ئانكېتىدا كۆرسىتىلىشىچە، شىركەتلەرنىڭ 67 پىرسەنتى ماشىنا ئۆگىنىمىدىن پايدىلانماقتا ئىكەن، ماشىنا ئۆگىنىمىنى ئىشلىتىۋاتقان ياكى كېيىنكى يىلى ئىشلەتمەكچى بولغان شىركەتلەرنىڭ نىسبىتى بولسا 97 پىرسەنتكە يېتىدىكەن.

نۆۋەتتە ياسىمچىلىقتىن پارچە سېتىشقىچە، بانكىچىلىقتىن ئىقتىسادىي ۋاستىچىلىككىچە بولغان ساھەدىكىلەر بىردەك ھالدا يېڭى قىممەت يارىتىش ياكى ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماشىنا ئۆگىنىمىدىن پايدىلانماقتا. «ماشىنا ئۆگىنىمى بارچە ساھەلەرنى ئۆزگەرتمەكتە ياكى ئۆزگەرتىش ئالدىدا تۇرماقتا. رەھبەرلەر (بۇ جەھەتتىكى) ئۇللۇق پرىنسىپلارنى، يوشۇرۇن كۈچىنى ۋە چەكلىمىلىكلىرىنى چۈشىنىشى كېرەك» دەيدۇ ماسساچۇسېتس تەبىئىي پەنلەر ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ كومپيۇتېر پەنلىرى پروفېسسورى ئالېكساندېر مادرىي (Aleksander Madry).

مادرىينىڭ كۆرسىتىشىچە، گەرچە ھەممە ئادەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى تېخنىكىلىق تەپسىلاتلارنى بىلىشى زۆرۈر بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر چوقۇم بۇ تېخنىكىنىڭ نېمىگە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى ۋە قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىكەن. «مەنچە نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن بىخەۋەر قېلىشنىڭ بەدىلى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ» دەيدۇ ئۇ.

### ئۇنداقتا، «ماشىنا ئۆگىنىمى» دېگەن زادى نېمە؟

ماشىنا ئۆگىنىمى سۈنئىي ئەقىلنىڭ تارماق ساھەسى بولۇپ، ئۇ كەڭ مەنىدە: «ماشىنىنىڭ ئەقىللىق ئىنساننىڭ قىلمىشىنى دوراش ئىقتىدارى» دەپ تەبىرلەنمەكتە. سۈنئىي ئەقىل سىستېمىلىرى مۇرەككەپ ۋەزىپىلەرنى ئىنسانلارنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەرزدە تاماملاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

تەتقىقاتچى بورىس كاتزغا (Boris Katz) كۆرە، سۈنئىي ئەقىلنىڭ نىشانى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاش «ئەقىللىق قىلمىش»نى نامايەن قىلالايدىغان كومپيۇتېر مودېلىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتۇر. بۇ (يەنى بۇ خىل كومپيۇتېر مودېلى) كۆرگىلى بولىدىغان كۆرۈنۈشنى پەرق ئېتەلەيدىغان، تەبىئىي تىلدا يېزىلغان تېكىستنى چۈشىنەلەيدىغان ياكى ماددىي دۇنيادا بىرەر ھەرىكەتنى قىلالايدىغان ماشىنىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ماشىنا ئۆگىنىمى سۈنئىي ئەقىلدىن پايدىلىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر.

ماشىنا ئۆگىنىمى بانكىلارنىڭ سودا خاتىرىلىرى، كىشىلەرنىڭ رەسىملىرى، رېمونت خاتىرىسى قاتارلىق رەقەملەر، سۈرەتلەر ياكى تېكىستلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانلىق مەلۇماتلاردىن باشلىنىدۇ. بۇ خىل سانلىق مەلۇماتلار مەشىق ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىش ئۈچۈن توپلىنىپ تەييارلىنىدۇ. سانلىق مەلۇمات قانچە كۆپ بولسا، پروگرامما شۇنچە قالتىس بولىدۇ.

ئاندىن پروگراممېچىلار شۇنىڭغا بىنائەن ئۆزى ئىشلىتىدىغان ماشىنا ئۆگىنىمى مودېلىنى تاللايدۇ، ئاندىن كومپيۇتېر مودېلغا ئەندىزە/قېلىپ تېپىش ياكى پەرەز قىلىش مەقسىتىدە ئۆز-ئۆزىنى مەشىقلەندۈرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پروگراممېچىلار ئۇنىڭ تېخىمۇ توغرا نەتىجىگە ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مودېلنى تەڭشىيەلەيدۇ (مەسىلەن، ئۇنىڭ پارامېتىرلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ).

«ماشىنا ئۆگىنىمى سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيەسى بايان قىلىش خاراكتېرلىك بولۇشى، يەنى مەزكۇر سىستېما سانلىق مەلۇماتلارنى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىشلىتىشى مۇمكىن؛ ئۇ يەنە مۆلچەرلەش خاراكتېرلىك بولۇشى، يەنى مەزكۇر سىستېما سانلىق مەلۇماتلارنى نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئىشلىتىشى مۇمكىن؛ ئۇ يەنە كۆرسەتمە خاراكتېرلىك بولۇشى، يەنى مەزكۇر سىستېما سانلىق مەلۇماتلارنى قانداق تەدبىر قوللىنىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەكلىپ بېرىشكە ئىشلىتىشى مۇمكىن» دەيدۇ ماساچۇسېتس تەبىئىي پەنلەر ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرىدىن دانىيېلا رۇس (Daniela Rus) ۋە روبېرت لاۋباچېر (Robert Laubacher).

ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ ئۈچ تارماق كاتېگورىيەسى بار:

1. نازارەت قىلىنىدىغان ماشىنا ئۆگىنىمى (Supervised machine learning) مودېللىرى بەلگە قويۇلغان سانلىق مەلۇمات توپلاملىرى ئارقىلىق مەشىقلەندۈرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ مەزكۇر مودېللارنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىگە ۋە تېخىمۇ توغرا بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. مەسىلەن، بىر خىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى (algorithm) ئىتنىڭ رەسىمى ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشىقلەندۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ رەسىملەرنىڭ ھەممىسىگە ئىنسانلار تەرىپىدىن بەلگە قويۇلىدۇ، ئاندىن ماشىنا ئۆز ئالدىغا ئىتنىڭ رەسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ. نازارەت قىلىنىدىغان ماشىنا ئۆگىنىمى نۆۋەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىۋاتقان ئۇسۇلدۇر.

2. نازارەت قىلىنمايدىغان ماشىنا ئۆگىنىمىدە، پروگرامما بەلگە قويۇلمىغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئارىسىدىن ئەندىزە/قېلىپ ئىزدەيدۇ. نازارەت قىلىنمايدىغان ماشىنا ئۆگىنىمى كىشىلەر ئېنىق رەۋىشتە ئىزدىمىگەن ئەندىزىلەرنى ياكى يۈزلىنىشلەرنى تاپالايدۇ. مەسىلەن، نازارەت قىلىنمايدىغان ماشىنا

ئۆگىنىمى پروگراممىسى توردىكى تاۋار سېتىش سانلىق مەلۇماتلىرىغا قاراپ چىقىپ، تاۋار سېتىۋېلىش جەھەتتىكى ئوخشىمىغان خېرىدار تىپىنى تېپىپ چىقالايدۇ.

3. كۈچلەندۈرۈلگەن ماشىنا ئۆگىنىمى (Reinforcement machine learning) مۇكاپاتلاش سىستېمىسى ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، ماشىنىلارنى سىناق ۋە خاتالىق ئارقىلىق سىنايدۇ. كۈچلەندۈرۈلگەن ماشىنا ئۆگىنىمى ماشىنىغا ئۆزىنىڭ قاچان توغرا قارار چىقارغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق، مودېلنى ئويۇن ئويناشقا ياكى ئاپتوموتىك ھەيدىلىدىغان ئاپتوموبىلنى ئاپتوموبىل ھەيدەشكە مەشقلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ شارائىتىدە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ قانداق ھەرىكەت قىلىشنى كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ماشىنا ئۆگىنىمى يەنە سۈنئىي ئەقلىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەزى تارماق ساھەلىرى بىلەنمۇ باغلىنىشلىق:

تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش (Natural language processing)

تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ بىر ساھەسى بولۇپ، بۇنىڭدا ماشىنىلار ئادەتتە كومپيۇتېرنى پروگراممىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سانلىق مەلۇمات ۋە رەقەملەرنى ئەمەس، ئىنسانلار تەرىپىدىن سۆزلەنگەن ۋە يېزىلغان تەبىئىي تىللارنى چۈشىنىشنى ئۆگىنىدۇ. بۇ ماشىنىلارنىڭ تىلنى تونۇشىغا، چۈشىنىشىگە ۋە ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشىغا؛ شۇنداقلا يېڭى تېكىستلەرنى يېزىشىغا ۋە تىللارئارا تەرجىمە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش پاراڭلىشىش روبوتلىرى ۋە (Siri ياكى Alexa دېگەندەك) رەقەملىك ياردەمچىلەرگە ئوخشاش تېخنىكىلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلايدۇ.

سۈنئىي نېرۋا تورى (Neural networks)

سۈنئىي نېرۋا تورى دائىم ئىشلىتىلىدىغان، مۇئەييەن دەرىجىدىكى ماشىنا ئۆگىنىمى ھېسابلاش ئۇسۇللىرىدۇر. سۈنئىي نېرۋا تورلىرى ئىنسان مېڭىسىنى ئۈلگە قىلىدىغان بولۇپ، بۇ توردا نەچچە مىڭ ياكى مىليونلىغان بىر تەرەپ قىلىش تۈگۈنلىرى ئۆزئارا باغلانغان ۋە قاتلاملارغا بۆلۈنگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

تېرەن ئۆگىنىش (Deep learning)

تېرەن ئۆگىنىش تورى نۇرغۇن قاتلاملىق سۈنئىي نېرۋا توردۇر. قاتلاملىق مەزكۇر تور غايەت زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ ۋە توردىكى ھەربىر ئۇلانمىنىڭ «ۋەزنى»نى جەزملەشتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر رەسىم تونۇش سىستېمىسىدا، سۈنئىي نېرۋا تورىنىڭ مەلۇم قاتلاملىرى ئىنسان يۈزىنىڭ كۆز، بۇرۇن ياكى ئېغىزغا ئوخشاش بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى بايقىيالىشى، يەنە بىر قاتلام ئاشۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يۈزگە دالالەت قىلغان تەرزدە كۆرۈنگەن ياكى كۆرۈنمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلىشى مۇمكىن.

تېرەن ئۆگىنىش سۈنئىي نېرۋا تورىغا ئوخشاشلا ئىنسان مېڭىسىنى ئۆرنەك قىلىدۇ ھەمدە ئاپتوماتىك ھەيدىلىدىغان ئاپتوموبىل، پاراڭلىشىش روبوتلىرى ۋە تىببىي دىياگنوز پروگراممىلىرى قاتارلىق نۇرغۇن ماشىنا ئۆگىنىمىنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

شىركەتلەر ماشىنا ئۆگىنىمىدىن قانداق پايدىلىنىۋاتىدۇ؟

ماشىنا ئۆگىنىمى گۈگۈل ئىزدەش موتورىدىكىگە ئوخشاش، بەزى شىركەتلەرنىڭ سودا ئەندىزىسىنىڭ يادروسىدۇر. يەنە بەزى شىركەتلەر ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق كەسپىي مەزمۇنى ئەمەسلىكىگە قارىماستىن، ماشىنا ئۆگىنىمىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلماقتا. يەنە بەزى شىركەتلەر قانداق قىلغاندا ماشىنا ئۆگىنىمىنى پايدىلىق ئۇسۇلدا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنماقتا. «مەنچە ماشىنا ئۆگىنىمىگە ئالاقىدار ئەڭ قىيىن ئىشلاردىن بىرى ‹مەن ماشىنا ئۆگىنىمى ئارقىلىق قايسى مەسىلەرنى ھەل قىلالايمەن؟› دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىشتۇر. بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىدە ھېلىھەم زور پەرقلەر مەۋجۇت» دەيدۇ شۇلمان.

2018-يىلى، ماسساچۇسېتس تەبىئىي پەنلەر ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى «رەقەملىك ئىقتىساد تەشەببۇسى»نىڭ تەتقىقاتچىلىرى مەلۇم بىر ۋەزىپىنىڭ ماشىنا ئۆگىنىمىگە ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلەش ئۈچۈن 21 سوئاللىق بىر ئانكېت تەييارلىغان. تەتقىقاتچىلار بارچە كەسىپلەرنىڭ ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئەمما ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ ھېچبىر كەسىپنىڭ ئورنىنى تەلتۆكۈس ئالالمايدىغانلىقىنى بايقىغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ چارىسى خىزمەتنى ئۆزئارا باغلانمايدىغان ئايرىم ۋەزىپىلەرگە پارچىلاش بولۇپ، بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ماشىنا ئۆگىنىمى ئارقىلىق تاماملىغىلى بولىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا چوقۇم ئىنسانلارنىڭ قىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ماشىنا ئۆگىنىمى قانداق ئىشلەيدۇ؟

خۇش بېشارەتلەر ۋە خىرسلار

گەرچە ماشىنا ئۆگىنىمى خىزمەتچىلەرگە ياردەم بېرەلەيدىغان تېخنىكىلارنى روياپقا چىقارغان ياكى شىركەتلەرنى يېڭى ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، شىركەت خوجايىنلىرى ماشىنا ئۆگىنىمى ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىكلىكى ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك بىر قانچە ئىش بار.

## چۈشەندۈرۈشچانلىق (Explainability)

بۇ جەھەتتە ئەندىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان نۇقتىلاردىن بىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەبىرىدىكى «چۈشەندۈرۈشچانلىق»، يەنى ماشىنا ئۆگىنىمى مودېللىرىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئىقتىدارىدۇر. «بىر مودېلنىڭ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى قىلىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشىنىش بەسي مۇشكۇلدۇر، شۇڭلاقلا سىز بۇنى ھەرۋاقىت ئۆزىڭىزدىن سوراپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. سىز بۇنىڭغا قاراقۇتىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلسىڭىز بولمايدۇ. سىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىڭىز كېرەك-يۇ، ئەمما ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قوللىنىشچان چارىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشىڭىز كېرەك» دەيدۇ مادرىي.

## بىر تەرەپلىمىلىك ۋە كۆزلەنمىگەن نەتىجىلەر

ماشىنىلار ئىنسانلار تەرىپىدىن مەشقلەندۈرۈلىدۇ ھەمدە ئىنسانلاردىكى بىر تەرەپلىمىلىك (ماشىنىلاردىكى) ھېسابلاش ئۇسۇلىغا سىڭدۈرۈۋېتىلىشى مۇمكىن. مەۋجۇت تەڭسىزلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئۇچۇرلار ياكى سانلىق مەلۇماتلار ماشىنا ئۆگىنىمى پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلسە، پروگراممىا ئۇنى كۆپەيتىشنى ۋە تۇرلۇك كەمسىتىشلەرنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ تۆتېردىكى پاراڭلىشىش ئۇسلۇبىغا بىنائەن مەشقلەندۈرۈلگەن پاراڭلىشىش روبوتلىرى سەت گەپ قىلىشنى ۋە ئىرقچى سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

يەنە بەزى ئەھۋاللاردا، ماشىنا ئۆگىنىمى مودېللىرى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ ياكى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن، فېيسبۇك ماشىنا ئۆگىنىمىنى ئابونتلارغا ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغان ئېلان ۋە مەزمۇنلارنى كۆرسىتىدىغان قورال سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. نەتىجىدە، بۇ مودېللار كىشىلەرگە ئۇلارنى قۇتۇپلاشتۇرۇۋېتىدىغان، سۇيىقەستچىلىك نەزەرىيەلىرىگە سەۋەب بولىدىغان رادىكال، ناتوغرا مەزمۇنلارنى كۆرسەتكەن.

ماشىنا ئۆگىنىمىدىكى بىر تەرەپلىمىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ چارىلىرىدىن بىرى مەشىق سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئىنچىلىك بىلەن تاللاشتۇر. ھالبۇكى، بۇ زور تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىش

بولۇپ، سەل قارالغان تەقدىردە يۇقىرىقى فېيسبۇك مەسىلىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، بىر قاتار سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ماشىنا تەھسىلىنى ئەمەلىي خىزمەتتە قوللىنىش

شۇلمانىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شىركەت خوجايىنلىرى ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ ئۆز شىركەتلىرىگە قايسى جەھەتلەردە قىممەت ئەكېلەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشماقتا ئىكەن. لېكىن، بىر شىركەتكە ماس كەلگەن ئىقتىدار يەنە بىرىگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن بولغاچقا، شىركەتلەر قارىقويۇق ئېقىمغا ئەگەشمەستىن، ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان ماشىنا ئۆگىنىمى ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىششى كېرەك ئىكەن.

مەسىلەن، ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ ئامازون شىركىتىگە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى ئاپتوموبىل شىركەتلىرىگە ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ بارغىلى بولمايدۇ. ئامازون ئاۋازلىق ياردەمچى ۋە ئاۋاز بىلەن مەشغۇلات قىلىنىدىغان ياڭراتقۇ ئارقىلىق ئۇتۇق قازانغان بولسا، بۇ ئاپتوموبىل شىركەتلىرىنىڭمۇ ماشىنىغا ياڭراتقۇ سەپلەشنى مۇھىم ئىش قىلىپ بېكىتىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئاپتوموبىل شىركەتلىرى زاۋۇت لىنىيەسىدە ماشىنا ئۆگىنىمىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق نۇرغۇن پۇلنى تېجەپ قالالىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن سىرت، شۇلمان يەنە ماشىنا ئۆگىنىمىگە قارىغۇلارچە مۇراجىئەت قىلماسلىق كېرەك، دەپ قارايدۇ. بەزى شىركەتلەر قارىقويۇق ھالدا ماشىنا ئۆگىنىمىنى ئۆزىنىڭ تىجارەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشكە ئالدىرىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، شىركەتلەر ئەسلىدە سودا جەھەتتىكى بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ياكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاندىن ماشىنا ئۆگىنىمىگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

بۇ ھەقتە، لاروۋېرى (LaRovere) مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ماشىنا ئۆگىنىمى ھەققىدە ئۇللۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مۇھىم، لېكىن ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ توغرا ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تېپىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر چوقۇم ئۆزئارا ھەمكارلىششى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://mitsloan.mit.edu/ideas-made-to-matter/machine-learning-explained



# ئامېرىكا يەھۇدىي قەتلىئامى مۇزېيى

# ئامېرىكا يەھۇدىي قەتلىئامى خاتىرە مۇزېيى

قىسقىچە مەزمۇن

1980-يىلى، ئامېرىكا پارلامېنتى ۋاشىڭتوندىكى دۆلەت مەيدانىنىڭ (National Mall) يېنىغا «ئامېرىكا يەھۇدىي قەتلىئامى خاتىرە مۇزېيى» قۇرۇش تەشەببۇسىنى تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللىدى. مەزكۇر مۇزېي 1993-يىلى 4-ئاينىڭ 22-كۈنى پۈتكەن بولۇپ، بۇ مۇزېي ئامېرىكانىڭ يەھۇدىي قەتلىئامى تارىخىنى خاتىرىلەش، تەتقىق قىلىش ۋە شەرھلەشتىكى دۆلەتلىك ئاپپاراتى، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەزكۇر قەتلىئامدا ئۆلگەنلەرنى خاتىرىلەيدىغان دۆلەتلىك خاتىرە سارىيىدۇر.

بۇ مۇزېينىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يەھۇدىي قەتلىئامى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى موللاشتۇرۇش ۋە تارقىتىش، بۇ قەتلىئامدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ خاتىرىسىنى ساقلاپ قېلىش، زىيارەتچىلەرنى يەھۇدىي قەتلىئامىدىن مەنبەلەنگەن ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى مەسىلىلەر ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن دۆلەتنىڭ پۇقراسى سۈپىتىدىكى مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەشتۇر. مۇزېيغا ئالاقىدار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتىي كۈچكە تولغان، ھەتتا مۇزېينىڭ ئىمارىتىمۇ ئەتەي زىيارەتچىلەرگە ناتسىستلارنىڭ زۇلمى ئاستىدىمۇ يوقالمىغان ھايات تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. ئىمارەتنىڭ يىرىك خىش ۋە ھاك تاشتىن قوپۇرۇلغان سىرتقى تېمى كىشىگە گېرمان زاۋۇتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئىمارەتنىڭ ئىچىدە، جېيمىس فرېدنىڭ (James Freed) لايىھەسى گويا قۇسۇرلۇقتەك كۆرۈنىدۇ: ئۆيلەر ھەمىشە چاسا شەكىلدە ئەمەس، دېرىزىلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ پەرقلىق، يەرلەر يېرىلغان. خىشتىن قوپۇرۇلغان ئىچكى تامنىڭ شەكلى ۋە رەڭگى تەكشى ئەمەس، جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنىدا ئىشلىتىلگەن خىشلارمۇ شۇنداق. فرېد قەستەن زىيارەتچىلەرگە «چاتاق چىققان» دۇنيانى ھېس قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ مۇزېي تۇنجى قېتىم ئېچىلغاندا، بەزىلەر «بۇ كوچىدا قىزىقارلىق ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سمىسون ئىنستىتۇتى (Smithsonian Institution) بار تۇرسا، كىشىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان بۇنداق مۇزېيغا قانچىلىك ئادەم كېلەر؟» دەپ ئويلاشقانىدى. 1998-يىلى 4-ئايدا، يەنى مۇزېي قۇرۇلۇپ بەش يىلدىن كېيىن، مۇزېي ئۆزىنىڭ 10-مىليونىنچى زىيارەتچىسىنى كۈتۈۋالدى. ئون يىلدىن كېيىن ئومۇمىي سان يىگىرمە مىليونغا يەتتى. بۇ زىيارەتچىلەرنىڭ بەش مىليون 800 مىڭى بالا، ئىككى مىليون 400 مىڭى چەتئەللىك، 14 مىليون 200 مىڭى يەھۇدىي ئەمەس كىشىلەر ئىدى. 2015-يىلدىن باشلاپ، بۇ مۇزېي ھەر يىلى بىر مىليون 700 مىڭ زىيارەتچىنى كۈتۈۋالماقتا. بۇ مۇزېينى يەنە 73

دۆلەت/ھۆكۈمەت رەھبىرى، 130 دىن كۆپرەك دۆلەتتىن كەلگەن ئىككى مىڭ نەپەردىن ئارتۇق چەت ئەللىك ئەمەلدار زىيارەت قىلغان.

مۇزېيدا ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى سەككىز مىڭ دانىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە يىگىرمە مىليون پارچە ئارخىپ ماتېرىياللىرى، 78 مىڭدىن كۆپرەك رەسىم، يەتتە مىڭ پارچىدىن كۆپرەك ئاغزاكى تارىخ، 630 سائەتلىك تارىخىي فىلىم ۋە ۋىدىيولار بار. «The Meed Survivors Registry» دېگەن ئاپپارات 49 دۆلەتتىكى 185 مىڭ نەپەر ئامان قالغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ چىققان. مۇزېينىڭ كۇتۇپخانىسىدا 15 خىل تىلدىكى ئەللىك مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماتېرىيال بار.

ئارقا كۆرۈنۈشى

مەزكۇر مۇزېينى قۇرۇش پىكرى پرېزىدېنت جىممي كارتېر 1978-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى «يەھۇدىي قەتلىئامى مەسىلىسىدىكى پرېزىدېنت كومىتېتى»نى ئامېرىكا دۆلەتلىك يەھۇدىي قەتلىئامى خاتىرە مۇزېيى پىكرى ھەققىدە ئىزدىنىشكە تەيىنلىگەندە ئوتتۇرىغا چىققان. ئېلىي ۋىيسېلنىڭ (Elie Wiesel) رەھبەرلىكىدىكى مەزكۇر كومىتېت 1979-يىلى 9-ئاينىڭ 27-كۈنى پرېزىدېنتقا دوكلات سۇنۇپ، ۋاشىڭتون ئالاھىدە رايونىدا مەڭگۈلۈك «ھايات خاتىرە مۇزېيى» قۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان. مەزكۇر كومىتېت «بۇنداق خاتىرە مۇزېي ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىش ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تەلىم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «كەلگۈسىگە سەگەك مۇئامىلە قىلالمىغان مۇزېي ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمىگىمۇ بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ.» پرېزىدېنت بۇ كومىتېتنىڭ تەۋسىيەلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئامېرىكا يەھۇدىي قەتلىئامى خاتىرە كومىتېتى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

1980-يىلى 7-ئايدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئامېرىكا يەھۇدىي قەتلىئامى خاتىرە كومىتېتى قۇرۇشنى تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللىغان ۋە مەزكۇر كومىتېتقا خاتىرە مۇزېيى قۇرۇش ئۈچۈن پۇل توپلاش ۋە مۇزېينى قۇرۇش؛ ھەر يىلى مەملىكەت مىقياسىدا يەھۇدىي قەتلىئامىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى خاتىرىلەش كۈنى تەسىس قىلىش؛ دەۋرىمىزدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر قاتارلىق مەسىلىلەردە نوپۇزلۇق بايانات مەنبەسى بولالايدىغان ۋىجدان كومىتېتى تەسىس قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. ئېلىي ۋىيسېل بىلەن مارك تالىسمان (Mark Talisman) ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەزكۇر كومىتېتنىڭ باش ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن.

مۇزېينىڭ قۇرۇلۇشى

1985 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، سىيلنغۇسى مۇزېينىڭ ئورنىدا، يەنى مۇستەقىللىق كوچىسىنىڭ جەنۇبىدا، غەربىي جەنۇبتىكى 14 ـ ۋە 15 ـ كوچا بىلەن كېسىشىدىغان جايدا ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. 1986 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بۇ ئورۇننىڭ ئالدىكى غەربىي جەنۇبىي 15 ـ كوچا بۆلىكىنىڭ ئىسمى رەسمىي ھالدا «رائۇل ۋالېنبېرگ مەيدانى» (Raoul Wallenberg Place) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. رائۇل ۋالېنبېرگ يەھۇدىي قەتلىئامى مەزگىلىدە مىڭلىغان ۋېنگرىيەلىك يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇۋالغان شۋېتسىيەلىك دىپلومات ئىدى.

1987 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، پرېزىدېنت رونالد رېگان ئېلىي ۋىيسېلنىڭ ئورنىغا خارۋېي مايېرخوفنى (Harvey M. Meyerhoff) مەزكۇر كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن. ئېلىي ۋىيسېل نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 1986 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەزكۇر كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بەرگەنىدى.

پرېزىدېنت رېگان يەنە ۋىلىيام لوۋېنبېرگنى (William J. Lowenberg) مايېرخوفنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن. ئالبېرت ئابرامسون (Albert Abramson) مۇزېينىڭ قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىدىغان «مۇزېي تەرەققىيات كومىتېتى»نىڭ رەئىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. مايىلس لېرمان (Miles Lerman) خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ ھەمدە مۇزېينىڭ ئىئانە توپلاش ئاپپاراتى بولمىش «ئەسلەش ھەرىكىتى»نىڭ (Campaign to Remember) رەئىسى بولغان. بېنجامىن مىد (Benjamin Meed) مەزمۇن ۋە خاتىرىلەش كۈنى كومىتېتىغا رەھبەرلىك قىلغان.

كومىتېت 1989 ـ يىلى جېشاجاخۇ ۋېينبېرگنىڭ (Jeshajahu Weinberg) مۇزېينىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى مۇزېي دىرېكتورى قىلىپ تەيىنلىگەن. تىياتىر ۋە مۇزېي ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ۋېينبېرگ تېل ئاۋىۋدىكى يەھۇدىي دىياسپوراسى مۇزېيى بولمىش ناخۇم گولدمەن مۇزېينىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلغاندا «ھېكايە سۆزلەيدىغان مۇزېي» ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

مۇزېينىڭ ئېچىلىشى

«ئامېرىكا يەھۇدىي قەتلىئامى خاتىرە مۇزېيى» 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاممىغا ئېچىۋېتىلدى، تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا پرېزىدېنت كلىنتون، مۇئاۋىن پرېزىدېنت گور ۋە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى نۇرغۇن داڭدار ئەربابلار قاتناشتى.

مۇزېينىڭ ئېچىلىشى ئامېرىكادا يەھۇدىي قەتلىئامىغا بولغان دىققەت شىددەت بىلەن كۈچەيگەن مەزگىلگە توغرا كەلگەنىدى. «كەڭ قورساقلىق مۇزېيى» شۇنىڭدىن ئالاھەزەل ئىككى ئاي ئىلگىرى ئېچىلغان؛ «شىندلېر تىزىملىكى» دېگەن فىلىم شۇ يىلى كۈزدە قويۇلغان؛ ياۋروپادا 1945 ـ يىلدىن

بۇيانقى تۈنجى ئىرقىي قىرغىنچىلىق بوسنىيەدە يۈز بېرىۋاتاتتى. بۇ مۇزېي ئېچىلغاندىن باشلاپلا نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىي ئەمەس ئىدى. دەسلەپكى ئون يىلدا، بۇ مۇزېينى 20 مىليونغا يېقىن كىشى زىيارەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 6 مىليونى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدۇر. زىيارەتچىلەرنىڭ توقسان پىرسەنتى يەھۇدىي ئەمەس كىشىلەردۇر. بۇ مۇزېي ئىنچىل خەلقئارالىق زىيارەتچىلەرنىڭ مۇھىم مەنزىلى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنى يەتمىشتىن ئارتۇق دۆلەت رەھبىرى ۋە 130 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن 3000 غا يېقىن چەتئەللىك ئەمەلدار زىيارەت قىلدى.

گەرچە يەھۇدىي قەتلىئامى ئامېرىكا تۇپرىقىدا يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇزېينىڭ يادرولۇق ئۇچۇرلىرى ئامېرىكا تارىخى ۋە ئامېرىكانىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولغاچقا، ئامېرىكالىقلارغا ناھايىتى ماس كېلەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ مۇزېي يەھۇدىي قەتلىئامىدا ھايات قالغانلار ۋە ئامېرىكادىكى يەھۇدىي دىياسپوراسى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

خاتىرىلەش خۇسۇسىدىكى يەنە بىر مۇھىم بۆلەك «بېنيامىن ۋە ۋىلادكا مىد يەھۇدىي قەتلىئامىدىن ئامان قالغانلارنى تىزىملاش ئورنى» بولۇپ، تىزىملىكتە 190 مىڭدىن ئارتۇق ھايات قالغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، تۇغۇلغان شەھەرلىرى، چېگرادىن ئۆتكەن ۋە قامالغان جايلىرى، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئورنى ۋە ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلىرى قاتارلىق ئۇچۇرلار بار ئىدى.

1979-يىلىدىن بۇيانقى ھەر بىر پرېزىدېنت، شۇنداقلا نۇرغۇن كابىنېت ئەمەلدارلىرى ۋە ئالىي سوتنىڭ سوتچىلىرى يەھۇدىي قەتلىئامىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى خاتىرىلەش كۈنى پائالىيىتىدە سۆز قىلغان.

## دۆلەتلىك يەھۇدىي قەتلىئامى مائارىپى ئاپپاراتى

مەزكۇر مۇزېي كەڭ مەنىدە يەھۇدىي قەتلىئامى مائارىپىدىكى دۇنياۋى باشلامچىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئورنى ئۇنى دۆلەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا، ئامېرىكا ۋە بىر قاتار رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

مۇزېينىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش پروگراممىسى ئەللىك شتاتنىڭ ھەممىسىدە تەجرىبىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئىلغار كەسپىي تەرەققىيات مەشقى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، بۇ پروگراممىدا يەھۇدىي قەتلىئامىنىڭ قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنىشىنىڭ ئامېرىكا مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى توغرىسىدىكى تەنقىدىي تەپەككۇرىنى كۈچەيتىدۇ. ئاخىرىدا، مۇزېينىڭ رەھبەرلىك

ۋە دىپلوماتىيە پروگراممىسى فېدېراتسىيە مەمۇرىي ئاكادېمىيەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرلار ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدە تەربىيەلەنگەن چەتئەللىك خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### پاكىتلارنى قوغداش

مۇزېينىڭ مائارىپ خىزمىتى ئۇنىڭدا يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملارغا ۋە يەھۇدىي قەتلىئامى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ ھاياتىي كۈچىگە باغلىق. ئەسلىدىنلا يەھۇدىي قەتلىئامىغا ئالاقىدار ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەنبەلەرنى بىر ئورۇنغا جۇغلاشقا مۇۋەپپەق بولغان بۇ مۇزېي ئۆزى ئېچىلىشتىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى شەرقىي ياۋروپانى قاپلىغان ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرى، شۇ جەرياندا ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە ھەر ساھەدىكى ئامېرىكالىقلار، ھايات قالغۇچىلار، قوغداش خادىملىرى، ئازاد قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىئانە قىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇۋالدى. مۇزېي ئۆزىنىڭ «دەلىل-ئىسپاتلارنى قوغداش تەشەببۇسى» ئارقىلىق ماتېرىياللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشماقتا ھەمدە يەھۇدىي قەتلىئامىدىن ھايات قالغانلار، ئازاد قىلغۇچىلار، گۇۋاھچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، شۇنداقلا ئورگان ۋە ھۆكۈمەتلەرنى نەرسە-كېرەك ۋە ھۆججەتلەرنى ئىئانە قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇزېي كۇتۇپخانىسىدا يەھۇدىي قەتلىئامى ۋە ئۇچىنچى ئىمپېرىيەنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار ھۆججەتلەر، كىتابلار، ئىلمىي ماقالىلەر، نوتىلار، ئاۋاز خاتىرىلىرى، ژۇرناللار، ئۈن-سىن ماتېرىياللىرى ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق ھۆججەتلەر ساقلانغان.

### يۇقىرى دەرىجىلىك «يەھۇدىي قەتلىئامى تەتقىقات مەركىزى»

بۇ مۇزېي قۇرۇلغاندىن تارتىپلا مائارىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى، شۇنداقلا ھەم تەتقىقات، ھەم ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش مەركىزى، دەپ قارالغاندى. مۇزېي قۇرۇلۇپ بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا، تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىر قېتىملىق ئىلمىي يىغىن بىلەن رەسمىي ئېچىلدى. 1998-يىلى، يەھۇدىي قەتلىئامى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك «يەھۇدىي قەتلىئامى تەتقىقات مەركىزى» قۇرۇلدى. بۇ مەركەز پۇختا ئىلمىي پروگراممىلار ئارقىلىق بۇ ساھەدىكى يېڭى تەتقىقاتچىلارنى تەربىيەلەش ۋە قوللاش ئىشلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ، مۇشۇ ساھەدە مۇتەخەسسىسلەشكەن ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن تۈر تەسىس قىلىش ئارقىلىق، ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئوقۇتۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ۋىجدان كومىتېتى

بۇ مۇزېي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تىرىك خاتىرە ئابىدىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋىجدان كومىتېتى ئاۋامنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ھازىرقى زاماندىكى ھەرىكەتلەر ياكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەھدىتلىرى ھەمدە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر خۇسۇسىدا ئاگاھلاندۇرۇشقا كۈچەيدۇ. مەسىلەن، مەزكۇر كومىتېت ئىلگىرى رىۋاندا، كوسوۋو، چېچىنىيە ۋە سۇدان (ھەم جەنۇبىي، ھەم دارفۇر رايونى) قاتارلىق رايونلاردىكى مەسىلىلەرگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەندى. بۇ كومىتېت يېقىندا يەنە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ۋە باشقا فېدېراتسىيە ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاكادېمىيەسى قۇردى.

مۇزېينىڭ باشقۇرۇلۇشى

بۇ مۇزېينى «ئامېرىكا يەھۇدىي قەتلىئامى خاتىرە كومىتېتى» نازارەت قىلىدىغان بولۇپ، بۇ كومىتېت ئامېرىكا پىرېزىدېنتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن 55 نەپەر پۇقرا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ بەش نەپەر ئەزاسى ۋە ئاۋام پالاتاسىنىڭ بەش نەپەر ئەزاسى، شۇنداقلا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى، مائارىپ ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئۈچ نەپەر سابىق ئەمەلدارىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ مۇزېي ھەم ھۆكۈمەتتىن، ھەم خۇسۇسىيلاردىن مەبلەغكە ئېرىشىدۇ. مۇزېينىڭ 200 مىڭ ئەزاسى بار.

مۇزېينىڭ 400 دىن ئارتۇق خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭدىن سىرت، 300 دىن ئارتۇق ئادەم — بۇنىڭ ئىچىدە 64 نەپىرى يەھۇدىي قەتلىئامىدا ئامان قالغانلار — ھەر يىلى ئاتمىش مىڭ سائەتتىن ئارتۇق مۇلازىمەت قىلىدۇ.

مۇزېي بىنالىرىغا، ئالاھىدە كۆرگەزمىلەرگە كىرىش ھەمدە مۇزېيدىكى باشقا مەنبەلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىجازەتنامە تەلەپ قىلىنمايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.jewishvirtuallibrary.org/united-states-holocaust-memorial-museum


مىسلىسىز ئويغىنىش
سۈرۈك ۋە ۋەدە
سارا خارۋېي

# سۈرلۈك ۋە ۋەدە

سارا خارۋېي

مەن سۈرلۈكنى ھەم ياقتۇرىمەن، ھەم ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن.

مەن سۈرلۈكنىڭ (Deadline) زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈشۈمگە ياردەم قىلىش تەرزىنى ياقتۇرىمەن. سۈرلۈكنىڭ مەۋجۇتلۇقى مېنى ۋاقىتلىرىمنى پىلانلاش ۋە ۋەزىپىلەرنى مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ-دە، شۇنىڭ شارائىتىدە خىزمىتىمنى يۇقىرى سۈپەتتە ۋە دەل ۋاقتىدا تاماملىيالايمەن.

ئەركىن خىزمىتىم مېنىڭ بىرلا مەزگىلدە بىر قانچە ئىش بىلەن تەڭ ھەپىلىشىشىمنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر سۈرلۈك بولمىسا، نىمىلەرنىڭ، قاچان قىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئاساسەن مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بۇنداق بولسا، مەن خېرىدارلىرىمغا ئۆزۈم ئىشقا ئاشۇرالمايدىغان ۋەدىلەرنى بېرىپ قويىمەن-دە، بۇ كەسپىي ئىناۋىتىمگە تولىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سۈرلۈك توغرا لىنىيەدىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە مېنىڭ ئىشلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇشۇمغا، پىلانلىشىمغا ۋە نەتىجەمنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. مەن بۇ جەھەتتە تەنها ئەمەسمەن. «ئەپقاچتى» پاكىتلارغا كۆرە، كۆپىنچە كىشىلەر ئېنىق، مۇجمەللىكتىن خالىي سۈرلۈك بويىچە خىزمەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ (يەنى سۈرلۈك بېكىتىپ ئىشلەش) ھەممەيلەننىڭ ئۆزىدىن نىمىلەر كۈتۈلىدىغانلىقىنى بىلىشىگە ھەمدە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كوللېكتىپ خىزمەت قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ.

### سۈرلۈكنىڭ نۇقسانلىرى

لېكىن، مەسىلە شۇكى، سۈرلۈك باشقۇرۇلۇشقا موھتاج. بىر قانچىلىغان سۈرلۈك ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئۇلارنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش جەھەتتە چاتاق چىقىشى مۇمكىن. بىز كىشىلەرنىڭ «بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە پروجېكت بىلەن ھەپىلەشكەندە، ئىشلارنى مۇھىملىق تەرتىپى

بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھېچقايسىنى كېچىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بەك چارچاپ كېتىمىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالىمىز.

بىز ئۈلارنىڭ (ئىنچىكە ئۈزۈن تاياقنىڭ ئۈچىدا تەخسە چۆرگىلىتىش ئويۇنىدىكىدەك) بارچە تەخسىلەرنىڭ چۆرگىلەشتىن توختاپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ھەرقانداق تەخسىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بىر تەخسىنىڭ يېنىدىن يەنە بىر تەخسىگە قاراپ پالاقلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بۇنى رېئاللىقتا تەدبىقلىساق، ئۇلارنىڭ «تەخسە»لىرى بىردەك ھالدا سۈرۈكى بار بولغان پروجېكتلەر ياكى بىرەر خىزمەتتۇر. يەرگە چۈشكەن بىر «تەخسە» مەغلۇپ بولغان بىر پروجېكت، يېتىشەلمىگەن سۈرۈك ياكى ۋەيران بولغان ئىناۋەتتۇر. قىسقا مۇددەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق خىزمەت ئۇسلۇبىنى تىزگىنلىگىلى بولۇشى، ھەتتا بۇ كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇزۇن مۇددەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىشى ۋە تەشۋىشكە سەۋەب بولۇشى، ئاقىۋەتتە نەتىجىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

سۈرۈكنىڭ ۋە رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولمىغان ۋاقىت رامكىلىرىنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ياردەم بەرمەستىن، دىققەتنى توغرا ۋاقىتتا، توغرا ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈشكە ۋاقىت قالدۇرمايدۇ. بۇنداق كۆپ ۋەزىپىلىك تۇرمۇشنى ئويلىساملا بېشىم ئاغرىيدۇ.

### قانداق قىلغاندا سۈرۈكتىن ئىجابىي پايدىلانغىلى بولىدۇ؟

سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىڭىز ياكى يامان كۆرۈشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سۈرۈك ھامىنى مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ زېيىنىمىزغا ئەمەس، پايدىمىزغا خىزمەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇھىمدۇر. تۆۋەندىكىلەر مەن ئۆزۈمگە نىسبەتەن پايدىلىق دەپ قارىغان چارىلەردۇر:

1. رېئال سۈرۈك بېكىتىڭ، شۇنداقلا ـــ شارائىت يار بەرگەن تەقدىردە ـــ ھەرقانداق نارېئال سۈرۈكلەرنى رەت قىلىڭ ياكى شۇ توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىڭ.

2. سۈرۈكتىن ئىلگىرى خىزمەتنى تاماملاش ئۈچۈن، قايسى ۋەزىپىلەرنى قاچان تۈگىتىش كېرەكلىكى ھەققىدە پىلان تۈزۈڭ.

3. كۈتۈلمىگەن كاشىلا ياكى جىددىي ئەھۋال سەۋەبلىك، بەزى تاسادىپىيلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشىگە ئىمكان قالدۇرۇپ قويۇڭ.

4. سۈرۈكىڭىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ھەممە ئادەم بىلەن ئېنىق ئالاقىلىشىڭ.

5. چەكتىن ئاشۇرۇپ ۋەدە بەرمەك ھەمدە باشقىلارنىڭ سىزگە سۇرۇكنى تېڭىشىغا يول قويماڭ.

6. جاپالىق ئەمەس، زېرەكلىك بىلەن ئىشلەڭ. تاماق يېمەي، ئىسمىنا قوشۇپ، ئارام ئالماي ئىشلەش پەقەت قىسقا مۇددەتتىلا ئۈنۈم بېرىدۇ.

7. سۇرۇكتىن ئىلگىرى ئىشنى تاماملىيالمىغاندەك ھېس قىلغان ھامان ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ. قايتا ئورۇنلاشتۇرۇڭ، قايتا پىلانلاڭ، قايتا كېڭىشىڭ، قايتا ئالاقىلىشىڭ.

**ۋەدە**

خىزمەت جەريانىدا، بىراۋ سىزگە بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلسا، قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز؟ نائۈمىد بولامسىز؟ ئىچىڭىز پۇشامدۇ؟ ئاچچىقىڭىز كېلەمدۇ؟

خىزمەتداشلىرىمىزغا ياكى خوجايىنىمىزغا بەرگەن ۋەدىمىزدە تۇرالماسلىق خىزمەت ئورنىدىكى مۇناسىۋەتلىرىمىزگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. لېكىن، گاھىدا نىيىتىمىزنىڭ قانچىلىك ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەرگەن ۋەدىمىزدە تۇرالماي قالىمىز. مەن يېقىندا تېخى مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كەلدىم، ھالبۇكى مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە بىراۋنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشنى بەكلا يامان كۆرەتتىم.

مەن ياخشى نىيەتتە ئاشۇرۇپ ۋەدە بېرىۋېتىپتىمەن. نەتىجىدە مەن ئۆزۈمنىڭ ۋاپا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەدىلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ۋاپا قىلىپ بولالمايدىغانلىقىمنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئامالسىز ھالدا بۇ مەسىلىنى ئالاقىدار كىشىلەرگە ئەڭ ياخشى تەرزدە يەتكۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىتقا موھتاج ئىكەنلىكىمنى بىلدۈردۈم.

شۇ چاغدا كەيپىياتىم تولىمۇ ناچار بولدى، ئۆزۈمنى بىر نەچچە سائەت ئەيىبلىدىم. شۇنداقلا، مەن ۋەدەمدە تۇرالماسلىقنى ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆز-ئۆزۈمنى قاتتىق تەنقىدلەشنى پەقەت ياخشى كۆرمەيتتىم. مەسىلە شۇكى، مەن «نائۈمىد» قويىدۇم دەپ قارىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە پەقەتلا نائۈمىد بولمىدى. چۈنكى، مەن مەسىلىنى ئۇلارغا ئېنىق ۋە دەل ۋاقتىدا چۈشەندۈرگەن، شۇنداقلا بۇنىڭ چارىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ئۇلار بۇ مەسىلىگە ناھايىتى ئىلمىي مۇئامىلە قىلدى ۋە ھېچقانداق زىيان كېلىپ چىقمىدى.

**مەن بۇ ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا قەسەمياد قىلدىم**

خىزمەت جەريانىدا ۋەدە بېرىش ھەمدە ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش جەھەتتە، مەن ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم ئىككى ساۋاق بار:

بىز كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىمىزنى (باشقىلاردىنمۇ ئاشۇرۇپ) ھەممىدىن بەك تەنقىدلىۋېتىمىز. بىز ئىشنى ياخشى نىيەتتە قىلساق ۋە ھۆرمەت ئاساسىدا ئالاقىلەشسەكلا، كىشىلەر تۇرمۇشتا ھەرخىل كۆتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قالىدىغانلىقىنى توغرا چۈشىنىدۇ ۋە بىزنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. كىم بىرەر قېتىممۇ سۈرۈككە ياكى بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قويمىغان دەيسىز؟

ۋەدىسىدە تۇرالماسلىق خىزمەت ھاياتىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشتۇر. لېكىن، ئەگەر بىز دائىم باشقىلارغا بەرگەن ۋەدىمىزدە تۇرالمىساق، نائۇستا، ئىشەنچسىز دەپ قارىلىپ قالىمىز. بىز ئۆز خىزمىتىمىز ۋە سۈرۈكلىرىمىزگە تەشكىللىك، پائال، قىممەت قاراشلىرىمىزغا ئۇيغۇن ۋە سەممىمىي تەرزدە مۇئامىلە قىلساق، كىشىلەر بىزنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىمىزگە ئىشىنىدۇ ۋە كارغا كېلىدىغان چارە تېپىشنى خالايدىغان بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.mindtools.com/blog/deadlines_and_promises_a_mind_tools_coaches_blog/



# يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىنسانلار

دوختور مەمەت ئېمىن

# يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىنسانلار

دوختۇر مەمەت ئېمىن

گەرچە دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ رەڭگى روھىي، ئەقىل پاراستى، مىجەز خۇلقى، ، دۇنيا قارىشى، مەدەنىيەت ساپاسى، كۆز قاراش ۋە ئىدىئولوگىيەسى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى چوڭ جەھەتتىن 3 چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. 1ـ تۈردىكى ئىنسانلار ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان، شەخسىيەتچى ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ؛ ھەر خىل تاتلىق سۆز ۋە ھىيلە نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، باشقىلارنى ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ ۋە قوللىنىدۇ. 2ـ تۈردىكى ئىنسانلار گەرچە باشقىلارغا تونۇلۇش ۋە نام چىقىرىش ئىستىكى بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتە باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قىلىنغان، ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق، قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغان ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلارمۇ باشقىلارغا تونۇلۇش، نام چىقىرىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ؛ ھەتتا باشقىلار تەرىپىدىن قوللىنىلىشقىمۇ رازى. باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىدىن ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ؛ ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە خوشامەت قىلىدۇ؛ ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى غۇرۇرسىز ۋە ۋىجدانسىز بولىدۇ. 3ـ تۈردىكى ئىنسانلار يۇقارقى ئىككى تۈرگە تەۋە بولمىغان ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار نورمالدا كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ.

كونىلار «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن ئىكەن. ھەقىقەتەنمۇ بىر ئادەمنى تولۇق چۈشىنىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. شۇڭا ھاياتتا كىملەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرۇش، كىملەر بىلەن مۇساپە ساقلاشنى بىلىش ھەممىمىز ئۈچۈن موھىمدۇر. چۈنكى، بىز باشقىلارنىڭ مىجەز خۇلقى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز، ئەمما بىز ناچار ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇساپىنى ساقلاش ئارقىلىق، كۆپلىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالى بولالايمىز. ئۇگىنىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمىمىزنى يۇقۇرى كۆتۈرەلەيمىز.

1. ھاياتىدا ھېچقانداق نەتىجە قازىنىپ باقمىغان ياكى بىرەر ئىشنى ھۆججەتقا چىقىرىپ باقمىغان، ئەمما دائىم باشقىلارنى ئەيىپلەيدىغان، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى ۋە سەۋەنلىكنى دائىم باشقىلاردىن ئىزدەيدىغان ئادەملەردىن يىراق تۇرۇڭ.

2. جاھىل، نادان، خۇمارى بار كىشىلەردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر ئەتراپىدىكىلەرنى زەھەرلەپ قويۇشى مۇمكىن.

3. غۇرۇرسىز ۋە ۋىجدانسىز ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق ئىنسانلاردا ئەخلاقى ئۆلچەم تۆۋەن ياكى كەم بولۇپ، مەنپەئەتكە توغرا كەلگەندە ھەرقانداق ئادەمنى سېتىۋېتىشى مۇمكىن.

4. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەم ۋە ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق ئىنسانلار، ھالقىلىق پەيتتە سىزنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

5. پۇل ۋە مەنسەپكە زىيادە چوقۇنىدىغان ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئەڭ موھىم بولغىنى پۇل ۋە مەنسەپ بولۇپ، پۇل ۋە مەنسەپ ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىقى، باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ پۇلى ۋە ئەمەلىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن.

6. دائىم خاپا بولۇپ، رەنجىپ يۈرىدىغان ۋە يوق يەردىن ئىش تاپىدىغان، جېدەلخور ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر ھېچ بىر زامان خوشال بولمايدۇ، ھەم باشقىلارنىڭ خوشال بولۇشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

7. ھېسسىياتى ۋە ئاچچىغىنى كونتۇرۇل قىلالمايدىغان ئادەملەردىن يىراق تۇرۇڭ. ئۇنداق كىشىلەر دائىم ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ، كەيپىياتى تۇراقسىز بولىدۇ؛ ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ ۋە ئاچچىغىنى باشقىلاردىن چىقىرىدۇ.

8. داۋاملىق بىچارە ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، باشقىلاردىن ياردەم سورايدىغان ئادەملەردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى ۋە سەمىمىيىتىنى سۇيىئىستېمال قىلىدۇ.

9. قىزغانچۇق ۋە ھەسەتخور كىشىلەردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر مىننەتدارلىقنى بىلمەيدۇ؛ ھەر زامان مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەردىن قىزغىنىدۇ، ھەسەت قىلىدۇ؛ ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ.

10. دائىم باشقىلارنى قوللىنىدىغان ياكى دائىم باشقىلارنى مونوپۇل قىلىشنىڭ كويىدا بولىدىغان ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇڭ.

11. سىزنى زىيادە ياكى ئورۇنسىز ماختايدىغان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك» بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىردىن بىر مەقسىتى سىزدىن قانداق پايدىلىنىش. ئەگەر پايدىلانمىسىز تەگمىسە، بىراقلا سىزدىن يۈز ئۆرۈشى مۇمكىن.

12. ئۆزىنىڭ قانداقلىقى بىلەن كارى يوق، دائىم باشقىلارغا باھا بېرىدىغان ئىنسانلاردىن يىراق تۇرۇڭ.

13. غەيۋەتخور ياكى باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىدىغان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەردىن ھېچكىمگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

14. دۈشمەن ياكى سىزگە دۈشمەنلىك قىلغان ئادەملەردىن يىراق تۇرۇڭ. چۈنكى ئۇلار ھەر زامان سىزگە زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن.

15. ئۆزىگە مەستانە، ياكى ئۆزىگە ئاشىق ئادەملەردىن يىراق تۇرۇڭ. ئۇ خىل كىشىلەر ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ، ئۇلار ھەر زامان ئۆزىنى ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىدۇ؛ دائىم باشقىلارنى قوللىنىدۇ؛ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ.



# ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى مىللىي مەدەنىيەت قورالى - نورۇز بايرىمى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئىس ـ تۆتەكسىز ئۆرۈشتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى مىللىي مەدەنىيەت قورالى ـــ نورۇز بايرىمى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملىرىنىڭ بىرى، ھەمدە تارىختىن بۇيان ئۆز ئارا تىركىشىپ ۋە تۆر تالىشىپ كەلگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن پارس تىللىق خەقلەرنىڭ بىردىنبىر ئورتاق مىللىي بايرىمى دەل نورۇز بايرىمى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى تۈركلەرنىڭ تارىخىدەكلا ئۇزۇندۇر. تۈركلەر بۇ بايرامنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا «يېڭى كۈن»، «باھار بايرىمى» ۋە «ئەرگىنەقون بايرىمى» قاتارلىق پەرقلىق ئىسىملار بىلەن خاتىرىلەيتتى. بۇ بايرام ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ مەشھۇر باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ زامانىسىدىن بېرى قۇتلۇقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، تۈركلەر بۇ بايرامنى تەبىئەت بايرىمى دەپ قاراپ، ئەنئەنىۋى بايرىمغا ئايلاندۇرغان. قاراختاي ھۆكۈمدارى يوللۇغ تاش بۈيۈك قاراخانىلار قاغانلىقى بىلەن بۈيۈك سالجۇقىيلارنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى سەمەرقەند ئەتراپىدىكى قەتۋان چۆلىدە مەغلۇپ قىلىپ مەركىزىي ئاسىياغا خوجا بولغان 1141 ـ يىلى يىلى سالجۇقىيلارغا قاراشلىق گەنجىدە تۇغۇلۇپ، بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىپ قارا خىتايلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن 1209 ـ يىلى گەنجىدە ۋاپات بولغان داڭلىق ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى ئۆزىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە، نورۇز بايرىمىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 350 ـ يىللاردىلا تۈركلەر تەرىپىدىن بۈيۈك بىر خەلق بايرىمى سۈپىتىدە ئۆزلۈكسىز داغدۇغىلىق ھالدا قۇتلۇقلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى يازغان ئىدى. پارسلار مەزكۇر نورۇز بايرىمىنى 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئاندىن تەبرىكلەشكە باشلىغان. بۇمۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان سامانىلاردىن بالاساغۇن ۋە تالاسنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىنى باشلاش ھارپىسىدا، 940 ـ يىلى سامانىلارغا قاراشلىق تۇستا دۇنياغا كېلىپ، مەھمۇد غەزنەۋى دەۋرىدە، 1020 ـ يىلى غەزنەۋىلەر قولىدىكى تۇستا ۋاپات بولغان ئوتتۇرا ئەسىر پارس مىللەتچىسى شائىر ئوبۇل قاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە پارس مىللەتچىلىكىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىشىدىن بولغانىدى. پارس مىللەتچىلىكىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ دولقۇنى ئالدىنقى ئەسىردىكى پېرسىيە قاچار خانلىقىدا يۈز بەرگەنىدى. پېرسىيە شاھى ئەھمەدخاننى ئاغدۇرغان پارس گېنىرال رىزاخان ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى «پەھلىۋى» دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، پېرسىيە نامىنىڭ ئورنىغا «ئىران» نامىنى تىرىلدۈرگەندىن كېيىن،پارس مىللەتچىلىكى ھەسسىلەپ كۈچىيىپ، ئىراندىكى تۈركلەرنىڭ بېشىغا بالا ـ قازالار يېغىپ كەتكەنىدى.

مىلادىيە 1935 ـ يىلى 27 ـ دېكابىر رىزاخان پەھلىۋى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پېرسىيە نامىنى «ئىران» غا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى شاھىنشاھ دەپ ئاتىغان. تۆت كۈندىن كېيىن 1935 ـ يىلى 1 ـ يانۋار تۈركىيە داھىيسى مۇستاپا كامالغا تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدىن «تۈركىيەدىكى تۈركلەرنىڭ ئاتىسى» مەنىسىدىكى «ئاتا تۈرك» نامى بېرىلگەن. مۇستاپا كامال پاشا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا تۈركىيەنى مۇنقەرز بولۇشتىن ساقلاپ قالغان تۆھپىكار بولسا، رىزاخان پەھلىۋى تۈركلەرنىڭ ئىراندىكى مىڭ يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، ئۆزىنى ئىراننىڭ خوجايىنى دەپ قارايدىغان پارس مىللىتىنى ۋە ئارىئان نامىنى تىرىلدۈرۈپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرىدا بىر پارس سەلتەنىتىنى تىكلەپ چىققان ئىران پارس قەھرىمانى ئىدى. دېمەك پارسلار بىلەن تۈركلەر 1935 ـ يىللا مىللىي ئىپتىخارلىق روھىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارس ۋە تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ كۈچىيىپ، بىر ـ بىرىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشى ئورۇسلار ۋە ئېنگلىزلارنىڭ ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى داۋاملىق قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ئىستراتېگىيىسىگە تولۇق ماس كېلەتتى. رىزاخان پەھلىۋى 1878 ـ يىلى 15 ـ مارت، مازاندارانىدا تۇغۇلغان. كېيىنچە ھەربىيلىك مەنسىپى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ، 1923 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىردىن 1925 ـ يىلى 1 ـ نويابىرغىچە قاچار خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان. ئاندىن شۇ يىلى 12 ـ دېكابىر 129 يىللىق قاچار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى ئەھمەد شاھ قاچارنى ئاغدۇرۇپ، شۇ يىلى 15 ـ دېكابىردىن 1941 ـ يىلى 16 ـ سېنتەبىر چېرچىل بىلەن ستالىن قولىدا ئاغدۇرۇلغىچە ئىراندا سەلتەنەت سۈرگەن.

مەشھۇر بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 1918 ـ يىلى 11 ـ نويابىر، گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ـ ئوسمانىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداشلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىپ، پايتەخت ئىستانبۇل ئىشغال قىلىندى. ھىندىستاندا كەڭ كۆلەملىك ئازاتلىق قوزغىلىڭى پارتلىدى. ھەبىبۇللاخان ئەنگلىيەنىڭ گېپىدە تۇرمىغىنىدىن نارازى بولۇپ، ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بولۇشقا ھازىرلىنىۋاتقاندا، 1919 ـ يىلى شىكارغا چىققان يېرىدە ئۆلتۈرۈلدى. 1919 ـ يىلى ۋېرسال شەرتنامىسىگە ئىمزا قويۇلۇپ، يېڭى دۇنيا تەرتىپى بېكىتىلدى. 1921 ـ يىلى ئافغانىستان ئاخىرى مۇستەقىل بولدى. 1923 ـ يىلى ۋېرسال كېلىشىمىنىڭ بىر قىسمى بولغان لوزان كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، تۈركىيەنىڭ ئازاتلىقى ئېتىراپ قىلىندى. تۈركىيەمۇ كېلىشىم بويىچە 1924 ـ يىلى 3 ـ مارت خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇردى. نەتىجىدە ھىندىستاندا 1924 ـ يىلى تارىختىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇستەقىللىق ۋە قارشىلىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. بۇ ھال ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ئاقىۋەت 1925 ـ يىلى كۆزدە ئەنگلىيە مىڭ يىلدىن بېرى ئەجداتلىرىمىز ھۆكۈمران بولۇپ كەلگەن تۇراننىڭ قوشمىقى بولغان ئىراننى قايتىدىن پارسلارغا تۇتقۇزغان. 1925 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى تۈركىي خانلىق قاچار ئىمپېرىيىسى (1796 ـ 1925) ئاغدۇرۇلۇپ، رىزاخان پەھلىۋى شاھ بولغان.

پارس گېنېرال رىزاخان گەرچە ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىدا 1935 ـ يىلى نامىنى «ئىران» غا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، بىراق ئەنگلىيە ۋە سوۋېتنىڭ زېمىن ئىگىلەپ ھەددىدىن زىيادە بوزەك قىلىشىغا چىدىماي، ئاخىرى 1941 ـ يىلى گېتلىر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ستالىن بىلەن چېرچىلدىن بىر قىسىم زېمىنىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇنى سېزىپ قالغان ستالىن بىلەن چېرچىل گېتلىر قوشۇنى كاۋكازغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى دەرھال يوشۇرۇن ھالدا تېھرانغا كېلىپ، قورال كۈچى بىلەن رىزاخاننى ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ غەرپپەرەس قابىل ئوغلى مۇھەممەد رىزاخاننى شاھ قىلىپ تىكلىگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، 1941 ـ يىلى گېتلىر ئىرانغا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، چېرچىل بىلەن ستالىننىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان ئىران شاھى رىزاخان پەھلىۋىنى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىشقا كۈندۈرگەن. رىزاخانمۇ ستالىننىڭ شەرقىي ياۋروپادا ئەجەللىك مەغلۇپ بولغىنىنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى چاررۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بېسىۋالغان زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان. بىراق گېرمانىيەنىڭ ئىراندىكى ئىستىخبارات تورى دەل يۇقىرىدىكى 16 ياشلىق ئورۇس قىزى تەرىپىدىن بايقىلىپ قالغان. ئۇ دەرھال موسكۋاغا تېلېگرامما يوللىغان. ستالىن كەسكىن قارار چىقىرىپ، شۇ يىلى 23 ـ ئاۋغۇست ستالىن بىلەن چېرچىل تۇيۇقسىز تېھراندا پەيدا بولۇپ، ئالاھىدە قىسىم ئۇرۇش ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، 26 ـ ئاۋغۇست رىزاخاننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلىپ، ئورنىغا ئۇنىڭ غەرپتە تەربىيىلەنگەن ئوغلى مۇھەممەد رىزانى ئىران شاھى قىلدى. بۇ ئىشلار چاقماق تېزلىكىدە پۈتتۈرۈلگەچكە، گېتلىر ئۇلارنى قەستلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق 1943 ـ يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى تېھران يىغىنى ئۈچۈن ئىرانغا كەلگەن ستالىننى قەستلەش پىلانى تۈزگەن. بۇ جەرياندا گېتلىر ستالىن بىلەن چېرچىلنى تەڭلا قەستلەش ھەرىكىتى قوزغىدى. بىراق يۇقىرىدىكى ئورۇس قىزى يەنىلا ستالىننى بۇ قېتىمقى سۇيىقەستتىن ساقلاپ قالدى. چېرچىلغا قارىتىلغان پىلانمۇ شۇ تۈپەيلى ئەمەلگە ئاشمىغان.

1941 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئىراندا رىزا شاھ تەختتىن چۈشتى. 1942 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل گېرمانىيە روستوۋ ۋە شىمالىي كاۋكازنى ئىشغال قىلىپ، باكۇ نېفىتلىكىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىن شۇ ھامان ھەربىي ئىستراتېگىيەنى باھانە قىلىپ ئىراننىڭ تەبرىز شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي شىمال رايونلىرىغا قوشۇن كىرگۈزۈپ، تەبرىزنى مەركەز قىلىپ سەئىد جامال پىشىۋارىنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئەزەربەيجان خەلق ھۆكۈمىتى» دىگەن بىر ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ستالىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ قۇرۇپ چىققان بىر بېقىندى ھۆكۈمەت ئىدى. (تۈپ ماھىيەتتىن خۇددى بىزنىڭ ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزگە ئوخشايتتى). ستالىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق گېتلىرنىڭ كاۋكازغا

ئەۋەتكەن ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلغان. كېيىن، ستالىن ئىراندىن ئۆچ ئېلىش ۋە مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، «بىختەتەرلىك باھانىسى» بىلەن تېھران يىغىنىدىن كېيىنلا 1943 ـ يىلى دېكابىردا ئىراننىڭ غەربىدىكى تەبرىزنى مەركەز قىلغان ئەزەربەيجان ئالاھىدە ئۆلكىسىدە ئەسكەر تۇرغۇزدى. چېرچىل بىلەن روزۋېلت فاشىستلارغا قارشى بىرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، دەسلەپتە نائىلاج سۈكۈت قىلدى. بىراق، بۇ ۋەزىيەتتىن جاڭ كەيشى ۋە شېڭ شىسەي پايدىلىنىپ كەتتى. چۈنكى، گومىنداڭ ئىشغالچىلىرىمۇ شۇ يىلى 12 ـ ئايدىن تاكى ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىغۇچە بولغان بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ستالىننىڭ تەسىرىدىكى شەرقىي تۈركىستاننى شېڭ شىسەينىڭ ياردىمى بىلەن تىنچ ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى. ئوخشاش ۋاقىتتا تەبرىزنى مەركەز قىلغان ئەزەربەيجان خەلقى ستالىننىڭ قوللىشىدا 1944 ـ يىلى خۇددى بىزنىڭ 2 ـ جۇمھۇرىيەتكە ئوخشاش بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقتى. ئەپسۇس، 1945 ـ يىلى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ستالىن ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا كۇرىل تاقىم ئاراللىرى ۋە ساخالىن ئارىلىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە مانجۇرىيەدىن، موڭغۇلىيەنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ۋەتىنىمىزدىن، كاۋكازىيە ۋە قىرىمنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ئىراندىكى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدىن تولۇق ۋاز كەچتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ئىران زېمىندا بۇنداق بىر قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئەنگلىيە باشلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. ستالىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇشتا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن بولغان بۈيۈك ئىتتىپاقداشلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ئىران زېمىنىدىن قوشۇن چېكىندۈردى. 1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىران ئارمىيىسى ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدا ئاخىرى تەبرىزگە قوشۇن كىرگۈزۈپ، 1943 ـ يىلى كۆزدە قولدىن كەتكەن ھەممە زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. سەئىد جامال پىشۋارى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى ئەزەربەيجان دۆلىتى مۇنقەرز بولدى. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئىككى جۇمھۇرىيەت ئاھالىسىنىڭ تەقدىرى ئەزەربەيجانلىقلاردىنمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. شۇ يىلى .ئاقىۋەت 1946 ـ يىلى 11 ـ نويابىر ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدا مۇھەممەد رىزاخاننىڭ پارس ئەسكەرلىرى تەبرىزگە كىردى. مىللىي دۆلەت رەھبەرلىرى دارغا ئېسىلىپ، ئەزەربەيجانلارنىڭ مىللىي ئارمىيىسى تارقىتىۋېتىلدى. ئوخشاش ۋاقىتتا ۋەتىنىمىزدىكى ئىشغالچى گومىنداڭمۇ 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۈزگەن 11 بىتىمدىن كېيىن، 15 مىڭ ئەسكىرىنى 100 مىڭغا كۆپەيتىۋالغاندىن سىرت، ستالىن ياپونىيەدىن قايتۇرۇپ ئالغان مانجۇرىيەنى بىر پاي ئوق ئاتمايلا ئۆتكۈزۈۋالدى. ئەكسىچە مىللىي ئارمىيىمىز 50 مىڭ كىشىدىن بىردىنلا 15 مىڭغا قىسقارتىلدى. كېيىنكى ئىشلار ھەممىمىزگە مەلۇملۇق.

ئىشقىلىپ ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، 1941 ـ يىلى ئەتىيازدا رىزاخان گىتلىر بىلەن بىرلىشىپ، باكۇ نېفتلىكى ۋە كاۋكاز رايونىنى ئىشغال قىلىپ، سوۋېتنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئۈزۈپ

تاشلىماقچى بولغان. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن ستالىن دەرھال چېرچىل بىلەن ئۇشتۇمتۇت تېھرانغا يېتىپ كېلىپ، رىزاخاننى قورال كۈچى بىلەن ئاغدۇرۇپ، ئورنىغا ياۋروپادا ئوقۇغان ئوغلى مۇھەممەد رىزاخان (1941 ـ 1979) نى ئىران شاھى قىلىپ تىكلىگەن. بۇ بالا پادىشاھ دەسلەپتە ستالىن ۋە چېرچىلنىڭ ھىمايىسىدە، 1946 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسىدە بولغان. 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھازىرقى قارا سەللىلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.1979 ـ يىلى فېۋرالدا ھۆمەينى ئۇنى ئۆرىۋېتىپ ھازىرقى ئاتالمىش ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان. مانا مۇشۇ مۇھەممەد رىزاخان ئىراندىكى ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى پارس مىللەتچىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئەرەبلەرنى قورقۇتقان ئىدى. ئۇ 1971 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئىران شاھى مۇھەممەد رىزاخان پەھلىۋى مەشھۇرئاخمانىلار خانلىقى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 2500 يىللىقى ۋە ئۇلۇغ كىسرا كەيخۇسراۋنىڭ سەلتەنىتىنىڭ 2500 يىللىقىنى خاتىرىلەپ، پۈتۈن دۇنيادىكى پادىشاھلارنى چىللىغان. قىزىق يېرى، بۇ ۋاقىت دەل ئۇنىڭ تۇرانغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەن ۋاختى بولۇپ، ئىككى ئايغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تۇمارىس مەلىكىنىڭ قولىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 529 ـ يىلى 4 ـ دېكابىر ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. 1971 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىردىن 16 ـ ئۆكتەبىرگە قەدەر داۋام قىلغان بۇ ھەشەمەتلىك دۇنياۋى مۇراسىمغا شۇ چاغدىكى ھېساب بويىچە 500 مىليون دوللار خەجلەنگەن. ئىران شاھى 1967 ـ يىلى 26 ـ ئۆكتەبىر، ئۆزىنى شاھىنشاھ دەپ جاكارلاپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ داڭلىق كەيخۇسراۋى بولماقچى ئىدى. ئەپسۇس، 1979 ـ يىلى ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. ئەرەبلەر شۇ چاغدىن باشلاپ تۈرلۈك تارىخىي كىتابلارنى يېزىش ۋە تارىخىي فىلىملەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، پارسلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى خىرىسلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۈنۈم بېرەي دېگەندە، ئىراندا شاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ، دىنىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. ئاقىۋەت، ئەرەبلەر دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋالغان پارس مىللەتچىلىكىگە تەڭ كېلەلمەي، چارەك ئەسىر ئىچىدىلا يەمەن، ئىراق، سۈرىيە ۋە لىۋان قاتارلىق مۇھىم جايلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ يەردىكى پارسلارنىڭ تەسىرى ھېلىھەم كۈچلۈك. مەدەنىيەتنىڭ ئۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى بۇرۇنقى تۈرك ـ پارس ئۇرۇشلىرى ۋە ھازىرقى پارس ـ ئەرەب سۈركىلىشلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردا ئەرەبچە ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپلا، نورۇز بايرىمىنى پارسلاردىن تۈركلەرگە تارقالغان دىنىي بايرام دەپ قارايدىغان دىنىي زاتلار سامانەدەك. ۋەھالەنكى، بۇ بايرام يىراق شەرقتىكى مانجۇرىيە ۋە سىبىرىيەدىن شەرقىي ياۋروپاغىچە، شىمالىي مۇز ئوكياندىن جەنۇپتا ھىندى ئوكيانىغىچە بولغان بىپايان جۇغراپىيەگە سوزۇلغان ياۋرو ـ ئاسىيا خەلقلىرىدە، بولۇپمۇ پۈتۈن تۈركىي تىللىق ۋە پارس تىللىق مىللەتلەردە بىردەك ئىزچىل قۇتلۇقلىنىپ كېلىنىۋاتقان مىللىي بايرامدۇر.

نۆۋەتتە، خىتاي فاشىزمى ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاتالمىش جوڭخۇا مىللىتى ئىچىدىكى بىر ئېتنىك گۇرۇپپا دەپ جار سېلىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتاي مەدەنىيىتى چەمبىرىكى ئىچىگە زورلاپ ئەكىرىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى باھار بايرىمى بولغان «چاغان» نى ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرىي تېڭىۋاتقان پەيتلەردە، ئۇيغۇرلارمۇ قىلچە ھودۇقماي، چاغانغا نورۇز بىلەن تاقابىل تۇرۇشى لازىم. چۈنكى، نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلارنى خىتايدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىردىنبىر مىللىي بايرام نورۇز بايرىمى بولۇپ، بۇ بايرام ئۇيغۇرلارنى خىتاي سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى بىپايان شىمالىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى قانداشلىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. نورۇزنى «ئاتەشپەرەس مەجۇسى پارسلارنىڭ دىنىي بايرىمى» دەپ ئىنكار قىلىش ۋە رەت قىلىش ئۇيغۇرلارنى خىتايلارغا ئۈن - تىنسىز سىڭدۈرۈشكە پاي قوشقانلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتلارنى ساقلاپ قالالىغىنى بىلەن، بۇ جەھەتتە بەربىر تۇڭگانلاردىن پەرقى يوق بولۇپ قالىدۇ. تۇڭگانلاردىمۇ قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت بار. ئەمما، ئۇلاردا نورۇز بايرىمى يوق. چۈنكى، تۇڭگان مىللىتى ھەقىقەتەن خىتاينىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى مۇسۇلمان بىر ئېتنىك گۇرۇپپا. لېكىن، ئۇيغۇرلار خىتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدىكى تولۇق مۇستەقىل بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي يېزىقى، مىللىي تىلى، مىللىي كىيىمى، مىللىي كۈلتۈر - مەدەنىيىتى ۋە مىللىي بايراملىرى بار.

ئەنئەنىۋى تۈرك مەدەنىيىتىدىن كەلگەن نورۇز بايرىمى، پەيدا بولغاندىن باشلاپلا تۈركلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن بېيىغان بولۇپ، ھازىرقى يىراق شەرقتىن شەرقىي ياۋروپاغىچە سوزۇلغان تۈرك قەۋملىرىنىڭ بەش مىڭ يىللىق تارىخىنى ئاساس قىلغان. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركىي قەۋملەردە 12 مۈچەل ئىجاد قىلىنغاندا، يىلنىڭ بېشى دەل ھازىرقى مىلادىيە كالېندارىدىكى 21 - مارت كۈنىدىن باشلانغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر بۇ 12 ھايۋان سىمۋول قىلىنغان يەرلىك كالېندارنى ئىزچىل ئىشلەتكەن. يېقىنقى مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلار تاشلىۋەتكەن 12 مۈچەللىك كالېندار ھازىر خىتايغا نىسبەت بېرىلمەكتە. نورۇز بولسا پارسلارغا نىسبەت بېرىلمەكتە. ئۇيغۇر نېمىگە ئىگە چىقمىسا، شۇ نەرسە خەخنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

ھازىرقى تۈرك تارىخچىلىرىنىڭ بىردەك قارىشىچە، نورۇز تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى مىللىي بايرىمى بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شەرق تۈرك ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. خىتايچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ھۇنلار مىلادىدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا، ھەر يىلى 21 - مارتتا ئىزچىل ئەتىيازلىق بايرام ئۆتكۈزگەن، تۈرك تارىخچىلىرى بۇنى بۈگۈنكى نورۇزنى تەبرىكلەش ئەنئەنىسىنىڭ

ئاساسى دەپ قارىماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئوخشاش ئەنئەنىلەرگە مەزكۇر  ھۇنلاردىن كېيىن ئۇيغۇرلار تولۇق ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلىپ، بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. گەرچە، بۈيۈك قاراخانىلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى تۈرك ـ ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ھىجرىيە كالېندارىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق، قاراخانىلاردىن باشقا بارلىق تۈرك ـ ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھامىيسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بۈيۈك سالجۇقىلار سۇلتانى مەلىكشاھ 1079 ـ يىلى ماتېماتىك ئۆمەر ھەييامغا بىر كالېندار تەييارلىتىپ، ئۇنى «جالالىيە كالېندارى» دەپ ئاتاپ، يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈننى كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن 21 ـ مارتتىن باشلاش قارار قىلىنغان.

سالجۇقىلارنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك ( 1018 ـ 1092 ) ئۆزىنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق كىتابىدا، تۈركلەرنىڭ نورۇز بايرىمىنى ئۇزۇندىن بېرى قۇتلۇقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتسا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ( 973 ـ 1048 ) «قەدىمقى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلار»، «قانۇنى مەسئۇدى» ۋە «ئەت تەخمىن» ناملىق كىتابلىرىدا نورۇز بايرىمى ھەققىدە توختالغاندا، ئىچكى ( مەركىزىي ) ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، ھەتتا يىراق شەرقتىكى ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارچە تۈرك خەلقلىرىنىڭ ۋە پارسلارنىڭ مەزكۇر نورۇز بايرىمىنى بىللە ھاياجان بىلەن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( 1019 ـ 1085 ) «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق ئەسىرىدە نورۇز بايرىمى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان قاراخانىلارنىڭ شاھزادىسى ۋە ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي ( 1029 ـ 1126 ) ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا، نورۇزنىڭ پۈتۈن تۈركلەرنىڭ يېڭى يىل كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېنىق يازغان. ماتېماتىك ۋە شائىر ئۆمەر ھەييام ( 1045 ـ 1131 ) مۇ «نەۋرۇزنامە» ناملىق كىتابىدا، نورۇز بايرىمىنى تۈرك خەلقىنىڭ مىللىي بايراملىرىدىن بىرى دەپ قارىغان. بۇلاردىن سەل كېيىنرەك ياشىغان نىزامى گەنجىۋى ( 1141 ـ 1209 ) ئۆزىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ ئېنىق يىلنى قوللىنىپ، نورۇز بايرىمىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 350 ـ يىللاردىلا تۈركلەر تەرىپىدىن بۈيۈك بىر خەلق بايرىمى سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز داغدۇغىلىق ھالدا قۇتلۇقلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى يازغان ئىدى. ھالبۇكى، نورۇز ھەققىدىكى تۇنجى يازمىچە ئۇچۇر مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە ئاندىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، گەنجىۋىگە كۆرە بۇ چاغدا تۈركلەر بۇ بايرامنى ئىزچىل قۇتلۇقلاۋاتقىلى 200 يىل بولغان ئىدى. شۇڭا، ئىسمى ۋە بىر قىسىم خاتىرىلەش ۋاستىلىرى پارسچە بولغىنىغا قاراپلا، بۇنى پارسلارغا نىسبەت بېرىش تەنتەكلىكتۇر.

قەدىمقى پارسلار ئىككى ئوخشىمىغان كۈنگە ئوخشاشلا نورۇز نامىنى بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى پارسلاردىكى «فەرۋەردىن» ئېيىنىڭ تۇنجى بولۇپ، «نەۋرۇز ئامىە ( ئاممۋى نورۇز )» دەپ ئاتالغان. بۇ كۈن پارس خانلىقىنىڭ ئەپسانىۋى شاھى جەمشىدنىڭ تەختكە چىققان كۈنى بولۇپ، ئاتەشپەرەس پارسلار ئوتنى جەمشىد پەيدا قىلغان دەپ قاراپ، ئوتقا چوقۇنۇپ ئۆتكەن ئىدى. ھازىرقى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىمۇ ھىجرىيە ۋە قۇياش كالېندارىنى بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىۋاتقان بولۇپ، مىلادىيە 2023 ـ يىلى 21 ـ مارت كۈنى، ئىراندا 1403 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بولغان بولسا، ھىجرىيە كالېندارىدا بۇ يىلقى نورۇز كۈنى 1444 ـ يىلى شەبان ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى بولغان بولىدۇ. يەنە بىر نورۇز كۈنى ئىرانچە «فەرۋەردىن ئېيى» نىڭ 7 ـ كۈنى بولۇپ، «نەۋرۇز خاسسە ( خۇسۇسىي نورۇز )» دېيىلگەن.

پارس مەنبەلىرىدە پۈتۈنلەي ئەپسانىۋى رىۋايەت خاراكتېرىگە ئىگە نورۇز ھازىر ھەم تۈركىي خەلقلەر، كۇردلار ھەم پارسلار تەرىپىدىن تەڭلا قۇتلۇقلانماقتا. نورۇز ئەنئەنىسى ئەرەبلەردە مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى قەدىمكى ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىيلاردا يېڭى يىلنىڭ بېشى كۈزدە باشلىناتتى. پارس ساسانىيلار ئىمپېرىيىسى ( 222 ـ 651 ) ئەرەبلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، نورۇز ئەنئەنىسى بىكار قىلىنغان. كېيىنچە، پارسلارنىڭ ئەرەب ئىمپېرىيىسىدىكى نوپۇزىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، نورۇز ئەرەب دۇنياسىغا كىرىشكە باشلاپ، ئىسلام تارىخىدىكى نۇرغۇن ھادىسىلەرنىڭ نورۇز كۈنى يۈز بەرگەنلىكىدەك توقۇلمىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلامىي قىياپەت بىلەن كەڭرى تارقىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن چۆچىگەن ئەرەب سەردارلار ئاجىز ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك پارس مەدەنىيىتىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىپ، پارسلارنىڭ ئىمپېرىيە ئىچىدىكى مىللىي ۋە سىياسىي تەسىرلىرىنى دىنى پەتىۋالار بىلەن چەكلەشكە ئۇرۇنغان.

چۈنكى، كۈچلۈك پارس مەدەنىيىتىگە مەدەنىيەت بىلەن تاقابىل تۇراي دېسە، ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيىتى پارسلارغا رەقىپ بولالمايتتى. شۇڭا، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە پارسلارغا ئالاقىدار ھەممە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئاتەشپەرەسلىككە چېتىپ تۇرۇپ، بەزى دىنىي پەتىۋالار ئارقىلىق چەكلەش ئىدى. بۇ چارە ھەقىقەتەن قالتىس ئۈنۈم بەرگەن. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن، خىتايلارمۇ ئۇيغۇرلارنى ئەنئەنىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك بازىلىرى بولغان مازارلارنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلەپ بولالماي، بۇ چارىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، تېخىمۇ قالتىس ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. يەنى، خىتاي بارلىق چارىلەرنى ئىشلىتىپمۇ چەكلىيەلمىگەن مازار تاۋاپچىلىقىنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ئېلىپ كىرگەن «مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ھارام!» دېگەندەك پەتىۋالار ئارقىلىق چارەك ئەسىر ئىچىدىلا مىڭ يىلدىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان مازار زىيارەتلىرى ۋە ساياھەتلىرىنى تولۇق چەكلەش مەقسىتىگە يەتكەن. ئۇيغۇرلارنى مازارلاردىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۇتتۇقلۇق بولغاندىن كېيىنلا، بۇ مۇقەددەس جايلار خىتايلارنىڭ ساياھەت ئورنىغا ئايلاندۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئاقسۇدىكى «قىرمىش ئاتام مازىرى» نىڭ

بىردىنلا خىتاينىڭ غەرپكە ساياھەت تۇقۇلمىسىدىكى بىر ئۆتەڭگە ئايلاندۇرۇلىشى، مەزكۇر مازاردىكى بىر دەرەخنىڭ «تاڭسىڭنىڭ دەرەخكە ئايلىنىپ قالغان ئاق ئىتى» غا ئايلىنىپ قېلىشى بۇنىڭ جانلىق مىسالى. شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ئۇرۇش يالغۇزلا ئىس - تۈتەكلىك قانلىق ئۇرۇشلا بولماستىن، بەلكى، ئىس - تۈتەكسىز مەدەنىيەت ئۇرۇشىدۇر. بۇنداق ئۇرۇشتا، كىمنىڭ مەدەنىيىتى كۈچلۈك بولسا شۇ يېڭىپ چىقىدۇ. ئەخلەت ۋە يىرگىنىشلىك خىتاي مەدەنىيىتى تارىختىن بۇيان پاك ۋە ساپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە رەقىپ بولالمايدىغان بولغاچقا، خىتايلار ئالدى بىلەن بىزگە تەۋە بولغاننى بىزدىن تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭكىنى بىزگە مەجبۇرىي تېڭىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ۋەتىنىمىزدە ئۇيغۇرچە سۆزلەش ھەققىدىن تولۇق مەھرۇم قىلىنىپ خىتايچە مائارىپتا خىتايلاشتۇرۇلۇۋاتقان پەرزەنتلىرىمىز بىلەن ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ ئۇيغۇرچە ياشاشقا باشلىغان خىتايلارنىڭ كۆپىيىشى بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرماقتا. بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، خىتايلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تولۇق قوبۇل قىلغان كۈنىمىز خىتايدىن تولۇق يېڭىلگەن ۋە تەن بەرگەن كۈنىمىزدۇر.

بۈگۈنكى كۈنىمىزدە نورۇز بايرىمى يالغۇز تۈركلەر ۋە پارسلاردىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇرلار، قازاقلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، تاجىكلار،تۈركمەنلەر، ياقۇتلار، تۇۋالار، تاتارلار، باشقۇرتلار، كۆك ئوغۇزلار، تۈركلەر، ئەزەربەيجانلار، كۇردلار، كاۋكازىيە خەلقلىرى ۋە ماجارلار ئارىسىدىمۇ قۇتلۇقلىنىۋاتقان بولۇپ، دىققەت قىلساق، بۇ بايرامنى ئەڭ ئاساسلىقى ياۋرو - ئاسىيا مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلىرى كۆپرەك تەبرىكلەيدۇ. بارچە تۈركىي مىللەتلەرگە راۋا بولغان بايرامنىڭ ئۇيغۇرغا ھارام بولۇپ قېلىشى مەنتىقىگە ئانچە ئۇيغۇن بولمىغان كۈلكىلىك بىر ئىش.

ھازىرقى ماماتلىق دەۋرىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقى، مىللىي ئىستىقبالى، مىللىي ئىستىقبالى ۋە كېلەچىكىگە ئالاقىدار غايەت زور مەسئۇلىيىتى بولغان ماماتلىق قارارلار ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى زورلاپ دىنغا چېتىۋېلىپ، قۇتلۇق ئىشىمىزنى تېخىمۇ ئىمكانسىز قىلىۋېتىدىغان ياكى قۇتۇلۇش يولىدىكى ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ، دۈشمەن ئالدىدا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلماسلىقىمىز لازىم. ھېلىغۇ، نورۇز بايرىمىنىڭ پارس مەنبەلىك ئەمەس، تۈرك مەنبەلىكى ھەققىدىكى پاكىتلار كۈچلۈك تۇرۇپ شۇنچە بىمەنە تالاش - تارتىشلارنى قوزغاپ يۈرۈپتىمىز. ناۋادا نورۇزنىڭ ھەقىقەتەن پارسلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق بولغان تەقدىردىمۇ، مەدەنىيەت ئۇرۇشىدىكى قورالسىز پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۈچۈن يەنىلا نورۇزنى قوللىنىش ھەققىمىز بار. ئىسلام دىنىغا كىرگىلى مىڭ يىلدىن ئاشقان ئۇيغۇر خەلقىگە 21 - ئەسىردىمۇ «نورۇز بايرىمى قىلسا كاپىر بولۇپ ئىماندىن ئاجرايدۇ! ئوتپەرەس پارسلار بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىدۇ!» دەپ ۋەز ئېيتىش، خۇددى تالىبانىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ 630 - يىلى كەبىدە بۇت چاققانلىقىنى دوراپ، ئارىدىن 1300 يىلدىن كېيىن كىچىك بالىدەك تەنتەكلىك بىلەن مەشھۇر باميان بۇتىنى پارتلاتقىنىغا ئوخشايدۇ. قارىغۇلارچە پەتۋا

بېرىش نۇرغۇن زىيانلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. تالىبانىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ھەتتا ھىندىلار خۇداسى دەپ قارالغان بۇتنى چېقىۋېتىشىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ھىندى دىنى ئاشقۇنلىرى ھىندىستاندىكى نۇرغۇنلىغان جامەلەرنى چېقىپ تاشلاپ، ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنى خالىغانچە ئۆلتۈردى. ۋەھالەنكى، ساھابىلەر مىسىرنى فەتھى قىلغاندا، فرئەۋنلەر دەۋرىدە ياسالغان شىر تەنلىك ئادەم باشلىق ھەيكەلنى چاقمىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ھېچكىم ئۇ ھەيكەلگە چوقۇنمايتتى. ئافغانىستاندىكى باميان بۇتىغىمۇ ھېچكىم چوقۇنمايتتى. دەل شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلارمۇ ھېچقاچان نورۇز بايرىمىدا خۇداغا شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، كۇپۇرلۇق قىلمايدۇ، ھەم ئۇ بايرامنى دىنىي بايرام دەپ قارىمايدۇ. شۇنداق تۇرسىمۇ، بۇ بايرامنى يەنە زورلاپ دىنغا چېتىۋېلىش ياكى دىنىي پەتىۋالار ئارقىلىق چەكلەشكە ئۇرۇنۇش ئاشۇ كالۋا تالىبانلارچە تەنتەك زېھنىيەتتىن ۋە جاھالەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس!!! تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تەرىپى، بۇ شاتۇت جاھالەت پىرلىرىنىڭ نورۇز پەتىۋالىرى ئەينى چاغدىكى شاپتۇل داموللا شېڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن نەقىل ئېلىپ خەلققە تەشۋىق قىلغاندا، شېڭ شىسەيگە يېقىپ كەتكەندەك، خىتاينىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرلارنى «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق ئېڭىنى تولۇق ئومۇملاشتۇرۇش ۋە شىنجياڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» دېگەندەك چىرايلىق نام ئاستىدا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى خىتايلاشتۇرۇش غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى تەشۋىقاتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدۇ.

قىرغىز پەيلاسوپى ۋە يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف ۋاپاسىزلىقنىڭ ئۆز نەسلىگە كەلتۈرىدىغان زور ئاپىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىكەن :«بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تارىخىنى يوقاتسا، مەدەنىيەت تارىخىنى يوقاتسا، ئىلغار ئەنئەنىسىنى ئۇنۇتسا، ئىتائەتمەن قۇلغا، ئىتائەتمەن ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىغانكى، ھەرقانداق بىر مىللەت ياخشى ئەنئەنىسىدىن ۋاز كەچسە، ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلسا، يامان تەقدىرنىڭ قولىغا تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئەنئەنىدۇر».

بىپايان مەركىزىي ۋە غەربىي ئاسىيا ( تۈرك ـ پارس ) خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مىللىي بايرىمى نورۇز ـ خىتاينىڭ مىللىي بايرىمى چاغانغا قارشى ئۈنۈملۈك مەدەنىيەت قورالى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇق بىلەن مىللىي تەۋەلىكنى ئىسپاتلىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىباھا پاكىتتۇر. بۇ پاكىت ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاتالمىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىك سەپسەتىنى تولۇق ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈ سەددىچىن سىرتىدىكى بىپايان مەركىزىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن باغلانغان مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سىز پەتىۋا دەرىجىسىدىكى بىر قىسىم دىنىي ھۆكۈملەرنى پەش قىلىپ يۈرۈپ نورۇز بايرىمىنى چەتكە قاقسىڭىز، خىتاينىڭ «ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوخشاشلا جۇڭخۇا مىللىتى. پەقەت ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا بولغاچقا، ئەتراپىدىكى خوشنىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەمدى ئۇلارنى خىتاينىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ

كېلىش ۋاختى كەلدى!» دەپ باشلاتقان خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قوللىغان بولسىز خالاس. شۇڭا، نورۇز ھەققىدە ئۆزىچە چىڭقىلىپ بىر نەرسىلەرنى جۆيلۈپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ھەر قانداق ئىشتا قارار چىقارغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى مىللىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق ۋە قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئاندىن قارار چىقارغان ياخشى.

خۇلاسە قىلغاندا، نورۇز بايرىمى ۋەتەن ـ زېمىنغا، كىشىلەرگە ۋە تەبىئەتكە بولغان مۇھەببەت بايرىمىدۇر. بۇ بايرام ئۆرپ ـ ئادەت، ماقال ـ تەمسىل، خەلق ناخشىلىرى ۋە قىزغىن مەنىۋىي مۇھەببەت بىلەن بارلىققا كەلگەن بايرام. بۇ بايرام ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە ۋە كىشىلەرگە بولغان مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ بايرام ساغلام ياشاش، ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى، ۋەتەن، دۆلەت، ئىنسان، مىللەت قاتارلىق مەنىۋىي ۋە مىللىي قىممەت قاراشلارنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە ئەسلا تەۋە ئەمەسلىكى، ئەكسىچە، سەددىچىن سىرتىدىكى بىپايان ياۋرو ـ ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ۋە ياۋرو ـ ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چاغانغا قارشى ئىشقا سالىدىغان بىردىنبىر ئىلغار مەدەنىيەت قورالى. مەدەنىيەت ئۇرۇشىدا، ئۇيغۇرنى قورالسىز ئۇرۇشقا مەجبۇرلاش ۋەتەنسۆيەر ئەزىمەتلەرگە ياراشمايدۇ؛ پەقەت ئۆزگەرمەس جاھىللار ۋە ساتقۇنلارغىلا يارىشىدۇ.



# ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى تىك-توكنى چەكلەشنى تەكرار ئويلاشماقتا

جون پاركىنسون

# ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى تىك-توكنى چەكلەشنى تەكرار ئويلاشماقتا

جون پاركىنسون

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدىكى ھەر ئىككى پارتىيەگە تەۋە پارلامېنت ئەزالىرى 20-مارت «تىك-توك ئامېرىكادىكى مىليونلىغان ئابونتنى خەۋپكە ئۇچراتماقتا» دەپ ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تىك-توك خىتاينىڭ تەشۋىقات قورالى بولۇپ، ئامېرىكانىڭ بولغۇسى سايلىمىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن» دېگەن ئەندىشىلەر كۈچىيىۋاتقان بۇ پەيتتە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى داۋاملىق تۈردە ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قانداق قوغداش ھەققىدە كاللا قاتۇرماقتا.

كېڭەش پالاتا ئەزاسى رىچارد بلۇمېنسال (Richard Blumenthal) دۆلەت مەجلىسى بىناسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەخپىي يىغىندىن كېيىن بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «تىك-توك ئامېرىكا خەلقىنىڭ بېشىغا تەڭلەنگەن قورالدۇر. خىتاي كوممۇنىستلىرى (تىك-توك ئىشلىتىدىغان) 170 مىليون ئامېرىكالىقتىن ئىرچىل ھالدا، ئوغرىلىقچە توپلىغان ئۇچۇرلارنى قورال سۈپىتىدە ئىشلەتمەكتە ھەمدە ئۆزىنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئامېرىكانىڭ مەركىزىدە بۇ ئۇچۇرلاردىن پايدىلانماقتا.»

تىك-توكنىڭ خىتاي خوجايىنى بۇ ئەپنى سېتىشقا ئۇنىمىغان تەقدىردە، تىك-توكنىڭ ئامېرىكادا ئىشلىتىلىشىنى چەكلەيدىغان قانۇن لايىھەسى ئاۋام پالاتاسىدا زور كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، FBI نىڭ، ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋە ئىستىخبارات دىرېكتورىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى كېڭەش پالاتاسى ئىستىخبارات ۋە سودا كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن مەخپىي دوكلات بەردى.

بۇ ھەقتە، پارلامېنت ئەزاسى توم كوتون (Tom Cotton) مۇنداق دېدى: «تىك-توك ئامېرىكالىقلار ئۈچۈن ئېغىر دۆلەت بىخەتەرلىكى تەھدىتىدۇر. ئەگەر سىز تىك-توك ئىشلىتىدىغان بولسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ مەخپىيىتىڭىز ۋە تېلېفونىڭىزدىكى سانلىق مەلۇماتلىرىڭىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەھدىتتۇر. تىك-توك، (ئۇنىڭ ئانا شىركىتى بولمىش) بايت دەنس (ByteDance) ۋە خىتاي رەھبەرلىرى ئۆز قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنماقتا. ئەمما، ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى قىلالايدىغانلىقى ئابونتلار مەزكۇر ئەپنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ماقۇللىغان كېلىشىم ۋە شەرتلەردە ئېنىق

كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، تىك-توكنىڭ ئامېرىكا سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن قانداق قوللىنىلغانلىقىمۇ بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

مەخپىي دوكلات يىغىنىدىن قايتقان پارلامېنت ئەزالىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئالاقىدار ئىستىخباراتلارنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

بىلۇمېنسال مۇنداق دېدى: «مەن قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق دەيمەنكى، ئامېرىكا خەلقى بىزنىڭ بايا ئاڭلىغانلىرىمىزنى ئاڭلاشقا موھتاج ۋە ھەقلىقتۇر. چۈنكى، بۇ (يەنى بىز ئاڭلىغان مەلۇماتلار) ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتىدۇ. بىز ئاڭلىغان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا خەلقىگىمۇ ئېيتىلىشى كېرەك، بۇ مەلۇماتلارنى مەخپىي ساقلاشنىڭ قەتئىي ئاساسى يوق. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئۇچۇر مەنبەسى ياكى مېتودى زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئۆز ئادەملىرىمىز خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ زادى نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەھلىللەردۇر. ئۇلار خىتاينىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ھازىر، بۇ ئىش پەقەت ئامېرىكا خەلقىگىلا مەخپىي قالدى، ھالبۇكى ئۇلار بۇنى بىلىشكە ھەقلىقتۇر.»

گەرچە كېڭەش پالاتاسى سودا كومىتېتىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەدبىر قوللىنىپ، ئاۋام پالاتاسى تەستىقلىغان تەدبىرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشى مۆلچەرلىنىۋاتقان بولسىمۇ، مەزكۇر كومىتېتنىڭ رەئىسى ماريا كەنتۋېل (Maria Cantwell) مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنى كېڭەش پالاتاسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاخىرقى چەك بېكىتىشنى رەت قىلدى.

«بىز يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئۇسۇلدا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىز. چۈنكى، بۇ بىر مۇھىم مەسىلىدۇر. بۇ ئۇچۇر دەۋرىدۇر، بىزنىڭ بەزى يېڭى قوراللارغا ئېھتىياجىمىز بار.» دېدى ئۇ.

پارلامېنت ئەزاسى، شۇنداقلا سودا كومىتېتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك جۇمھۇرىيەتچى تېد كىرۇز (Ted Cruz) كەنتۋېلنى ئاۋام پالاتاسى تەستىقلىغان قانۇن لايىھەسىگە تېزدىن قاراپ چىقىپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ئۈندىدى.

«تىك-توكنىڭ خىتايدىكى نۇسخىسىدا (يەنى دوۋيىندا)، خىتاي ماتېماتىكا، ئىلىم-پەن، مائارىپ، تىرىشچانلىق ۋە ئىنتىزام خۇسۇسىدىكى مەزمۇنلارنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئامېرىكادا بولسا، خىتاي كومپارتىيەسى بىزنىڭ باللىرىمىزغا ئۆز-ئۆزىگە زىيان سېلىش، ئۆلۈۋېلىش خۇسۇسىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. خىتاينىڭ باللىرى ماتېماتىكا ۋە ئىلىم-پەن ئۆگىنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي بىزنىڭ باللىرىمىزغا كەمپۈتسىمان سوپۇن (Tide Pod) چاينىتقۇزماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ ۋەھىمىلىك ئىشتۇر.»

گەرچە ئىلگىرى مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ كېڭەش پالاتاسىدا سۇغا چىلىشىشى توغرىسىدا بېشارەتلەر بار بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە (بۇ لايىھەنى رەت قىلىشنىڭ ئورنىغا) ئۈچىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خاھىشى كۈچەيمەكتە.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە يۇقىرى بېسىملىق سالاچىلىق پائالىيەتلىرى داۋاملىشىۋاتقان بۇ پەيتتە، كېڭەش پالاتا ئەزالىرى تىك-توكنىڭ ئانا شىركىتى بولغان بايت دەنسى تىك-توكنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاش خۇسۇسىدا قانۇن چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلماقتا. ئۇلارغا كۆرە، تىك-توكنى ئامېرىكادىكى، ياكى ئامېرىكاغا دۈشمەن بولغان ئىران، شىمالىي كورىيە، خىتاي ۋە رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن باشقا بىر دۆلەتتىكى بىرەر شىركەت سېتىۋالسا بولىدۇ.

كوتون مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا شىركەتلىرى تىك-توكنى سېتىۋېلىشى كېرەك. مەنچە، بىز بايت دەنس شىركىتىنى تىك-توكنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تىزگىنىدە بولمىغان بىرەر شىركەتكە ياكى مەبلەغ سالغۇچىلار گۇرۇھىغا، ۋەياكى بىرەر ئەمەلىي گەۋدىگە سېتىشقا مەجبۇرلايدىغان قانۇننى دەرھال ماقۇللىشىمىز كېرەك.»

«سېتىۋالغۇچىنىڭ چوقۇم ئامېرىكا شىركىتى بولۇشى شەرت ئەمەس. مەنچە، ئۇ خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولمىغان شىركەت بولۇشى كېرەك.» دېدى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو (Marco Rubio).

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://abcnews.go.com/amp/Politics/senate-mulls-tiktok-ban-amid-us-national-security/story?id=108321771

# دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىكى مۇشكۇلاتلارنىڭ يەتتە خىل ئۆرنىكى



گىنا رايدېر

# دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىكى مۇشكۈلاتلارنىڭ يەتتە خىل ئۆرنىكى

گىنا رايدېر

دوستلۇق ــــ كىشىگە خۇشاللىق ۋەياكى قايغۇ ئېلىپ كېلەلەيدۇ. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتا جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە ياكى ئويلىغاندەك بولمىغاندا، ئۇ ئىشنى قانداق قىلىشىمىزنى دەپ بېرىدىغان كىتاب يوق بولغانلىقىنى ئۈچۈن، بىز ھەممە كىشى ئورتاق دۇچ كېلىدىغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق تەتقىقاتچىلار، يازغۇچىلار ۋە پسىخولوگلار بىلەن سۆھبەتلەشتۇق.

## بۇزۇلغان ۋەدىلەر

دوستلار بىزنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما بۇ مۇناسىۋەتلەر ھەمىشە ئوڭۇشلۇق كېتىۋەرمەيدۇ. دوكتور، جەمئىيەتشۇناس، دوستلۇق يېتەكچىسى جەن ياگېر خانىم مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەتتە دوستىڭىزدىن كەلگەن ئېغىر ئازارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بۇزۇلغان ۋەدىلەر سەۋەبلىكتۇر. بۇ ئازارنىڭ سەۋەبى بەلكىم ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە پىلاننى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ياكى مۇھىم بىر يىغىلىشقا قاتنىشىشنى رەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. كىشىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىشلار سەۋەبلىك دوستىدىن ئازار يېيىشى ئومۇمىي ھادىسىگە ئايلانغان. بۇ خىل ئەھۋاللار گەرچە سىزنى ناھايىتى خاپا قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ خىل مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشتىكى تۈنجى قەدەم ــــ ھېچكىمنىڭ قۇسۇرسىز، مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ئەسكە ئېلىشتۇر. كۆڭۈلدىكىدەك دوستنىڭ ھالقىلىق پەيتلەردە قانداق كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلارنى قىلىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا فانتازىيىلىك خىياللاردا بولسىڭىز، بۇ جەھەتتە ئۆزىڭىزگە ئالدىنئالا ئۈمىدسىزلىك پەشتىقى ھازىرلىغان ھېسابلىنىسىز.»

دوكتور جەن ئۆز ھاياتىدىن بىر ئۆرنەك بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

دادام تۇگەپ كەتكەندە دوستۇمدىن بىرى دادامنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا كەلمىدى. دوستۇمنىڭ بۇ ئىشىدىن قېيداپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشنى قارار قىلىپ، ئۇنىڭغا «مەن سېنى دادامنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا كۆرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەيران قالدىم. بۇنىڭدا ھېچ مەسىلە

يوق، ئەمما كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىگە قىزىقىۋاتىمەن» دېدىم. ئۇنىڭ جاۋابىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ باشقا بىر دوستىنىڭ دادىسىمۇ شۇ پەيتلەردە ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ شۇ دوستىنىڭ دادىسىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقى تۈپەيلىدىن مېنىڭ دادامنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا كېلىشكە ئامال قىلالمىغان ئىكەن. ئەگەر مەن ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىمىغان بولسام، ئۇنىڭ زادى نېمىشقا كېلەلمىگەنلىكى ئۆزرىسىنى ئۇمۇرۋايەت بىلەلمىگەن ۋە بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن قېيداپ يۈرگەن بولاتتىم.

## ئىشلارنى بىنورمال ھېس قىلغىنىڭىزدا

دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بەزى ئىشلار نورما ئىچىدە يۈرۈشمەيدىغان پەيتلەرنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال. نورما ئىچىدە يۈرۈشمەيۋاتقان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئارقىسىدا بەلكىم قارشى تەرەپنىڭ ئېغىر بىر يوقىتىشقا دۇچ كەلگەنلىكتىن، كۆپراق ھېسداشلىققا ۋە قوللاشقا ئېھتىياجى چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن؛ ۋەياكى دوستىڭىزنى ئۇ پەيتلەردە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار مەسىلىلەر قورشاۋىغا ئېلىۋلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە كەسپىي كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسلىھەتچىسى لېسل جەي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ۋەجىدىن، ئۆزىڭىز ئېھتىياجلىق بولغان ئىشنى تەلەپ قىلىشىڭىز بەك مۇھىم. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا دوستىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇڭ، ئاندىن <سېنىڭ ھال-ئەھۋالىڭنى ئاڭلىغىنىمدىن خۇشالمەن. مەن بەزى چاغدا دەرت تۆكۈشكە موھتاج بولۇپ قالىمەن. مېنىڭ ئەھۋالىمنى مېنىڭ ئاغزىمدىن ئاڭلاپ باقساڭ قانداق؟> دەڭ؛ ياكى «ئۆزۈم توغرۇلۇق توختىماي مەلۇمات بېرىپ كەپتىمەن. ماڭا ئۆز ھاياتىڭ، بېشىڭغا كەلگەنلەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسەڭ قانداق؟> دەپ سوراڭ.» (دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىكى بەزى نۇقتىلارنى بىنورمال ھېس قىلغىنىڭىزدا، بۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلەيسىز؛ مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ قېلىشتا بۇ خىل مۇڭدىشىشلار پايدىلىق.)

## دوستلۇقتىن ئايرىلىش

ئەگەر سىز بىر دوستىڭىزنى ئۆزىڭىزگە يېقىن ھېس قىلسىڭىز ياكى ئاراڭلاردىكى دوستلۇق رىشتىسى سىزنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ دوستىڭىزنى يوقىتىش مۇمكىنچىلىكىڭىز تۆۋەن بولىدۇ. دوستىڭىز مۇھىم پەيتتە سىزنىڭ بىر ئۇچۇرىڭىزغا جاۋاپ قايتۇرمىغان ياكى يازغان ئېلخېتىڭىزنى جاۋاپسىز قويغان بولۇشى مۇمكىن. ياگېر خانىم مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل ئەھۋالدا

بىلىشىڭىز كېرەك بولغان ئەڭ ھالقىلىق ئىش — دوستلۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش داۋاملاشتۇرماسلىقنىڭ كىشىنىڭ خالىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىزدۇر. بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن ئوخشاش. بىز دوستىمىزنى تاللىغىنىمىزدەك، دوستىمىزمۇ بىزنى تاللايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆزىڭىزنى <تاللانمىغان دوست> سۈپىتىدە كۆرمەستىن، يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇش ۋە باشقا دوستلىرىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشتىن يالتايماسلىقىڭىزدۇر. شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، دوستىڭىز بىلەن دوستلۇقتىن ئۈزۈلۈشتىن كېيىن ئازاپلىنىشىنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، بۇ ۋەجىدىن ئۆزىڭىزگە بىر ئاز ۋاقىت بېرىڭ.» جەمئىيەتشۇناس كارلىن فلورا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل ئەھۋالدا سەۋەب ئىزدەشكە ئۇرۇنماڭ. ئۆزىڭىز سەۋەبىنى بىلمەيدىغان رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش ئۆزىڭىزنىڭ پىسخىكىلىق ساغلاملىقىڭىز ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر. بەزىدە باشقىلارغا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى راستتىنلا بىلەلمەي قالىسىز.»

## يەكلەنگەنلىكنى ھېس قىلىش

ھېچكىم ئۆزىنىڭ يەكلەشكە ئۇچرىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مەسىلەن، بىر دۈشەنبە ئەتىگىنى فېيسبۇكنى ئاچقىنىڭىزدا، دوستلىرىڭىزنىڭ ھەپتە ئاخىرىدا سىزنى قوشماستىن ئولتۇرۇش قىلغىنىڭىزنى كۆرۈشىڭىزدىنمۇ ئارتۇق بىئارامچىلىق تۇيغۇسى ئاز ئۇچرايدۇ. پسىخولوگ سكوت كرىستىنلىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىمارلىرىمنى ئۆزىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشكە رىغبەتلەندۈرىمەن، بىراق بولغان ئىشلارغا باھا بېرىپ، نەتىجە چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەيمەن. ئالدىن ئۇ ھېس تۇيغۇلارنى مەسلىھەتچىگە، ياكى تۇغقانلاردىن بىرىگە، ياكى يېقىن دوستىغا ئېيتىشنى تاپىلايمەن. بەلكىم، شۇلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، بەلكىم مەسىلىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن.»

## ھەسەتنى ھەۋەسكە ئايلاندۇرۇش

بەلكىم سىز بۇرۇن ئارىلاشقان ئوبيېكتىڭىز توي قىلىپ كەتكەن، ياكى سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىز دۇنيانى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىۋاتقان، سىز بولسىڭىز كاتەكتەك ھۇجرىڭىزغا بەنت بولۇپ ياشاۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش قەرزىڭىزنى تۆلەۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. دوكتور ياگېر خانىم مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە سىز دوستلىرىڭىزنى ياخشى كۆرسىڭىزمۇ، ئاقىۋەتتە يەنىلا ئۇلارغا ھەسەت قىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. دوستىمىزغا ھەسەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەۋەس قىلساق، بۇ ئارقىلىق ئۆزىمىز

ئۈچۈن بىر تۈرتكە بەرپا قىلغان بولىمىز. ساغلام رەۋىشتىكى ھەۋەس قىلىش سىزنى ھازىرقى ھالىتىڭىزدىن تېخىمۇ ياخشى بىرى بولۇشقا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ساغلام رەۋىشتىكى ھەسەت قىلىش سىزنى دوستلىرىڭىزنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھام ئېلىشقا ئۈندەيدۇ.» دوكتور ياگېر خانىم ئۆز دوستىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن ھەسەت ھېس قىلغان كىشىگە چارە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆز-ئۆزىڭىزگە سۆزلەش پايدىلىق. ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى سۆزلەڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ خىل ھەسەت قىلىش روھىي ھالىتىنىڭ سىزدە ۋاقىتلىق پەيدا بولغان ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى، دوستىڭىزغا ھەسەت قىلىش سەۋەبلىك دوستلۇق مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ بەربات بولۇشىغا يول قومايدىغانلىقىڭىزنى ئۆز-ئۆزىڭىزگە ئېيتىڭ.»

## دوستلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى

فلورا مۇنداق دەيدۇ: ياخشى دوست بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىر تەرەپ قىلىش ئەڭ تەس بولغان ئايرىلىش تۈرلىرىدىن بىرى. بىز كىشىنىڭ دوستىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن كېيىن دۇچ كەلگەن روھىي ئازاپ توغرىسىدا توختالمايمىز. جۈرىڭىزدىن ئايرىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ماتەم تۇتۇشىڭىزغا بېرىلگەن رۇخسەتنىڭ دوستىڭىزدىن ئايرىلغانلىقىڭىزغا ماتەم تۇتىشىڭىز ئۈچۈن بېرىلمەسلىكى كىشىنىڭ ھەسرىتىنى تېخىمۇ كۆچەيتىۋېتىدىغان ئىشتۇر. بىر كىشىنىڭ خوجايىنىغا دوستى بىلەن يامانلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر كۈن رۇخسەت سوراش تەلىپىنى ئېيتقانلىقىنى پەرەز قىلىڭ. بۇنىڭغا بىر غەيرى ئىشقا قايتۇرۇلغان ئىنكاسىنىڭ ئوخشىشى قايتۇرۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىڭىز سەۋەبلىك خوجايىنىڭىزدىن بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىغىنىڭىزنى پەرەز قىلىڭ. خوجايىنىڭىز «ئەلۋەتتە بولىدۇ» دەپ سىزگە رۇخسەت بېرىدۇ. دوستىدىن ئايرىلىپ قېلىش جۈرىسىدىن ئايرىلىپ قالغانغا ئوخشاشلا كىشىگە روھىي ئازاپ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، باشقىلار دۇچ كەلگەن دوستلۇقتىن ئايرىلىش ئازابىغا ھۆرمەت كۆرسىتىش ئىنتايىن مۇھىم. دوستلۇقنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى قوبۇل قىلىش، تەن ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم، بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## تۇردىكى دوستلار ھەقىقىي دوست ئەمەس

دوكتور ياگېر خانىم مۇنداق دەيدۇ: «ئىجتىمائىي ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ ۋاقىت سەرپ قىلغان كىشى ئۆزىنى يۈزلەرچە دوستى باردەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. لېكىن، بۇنداق

كىشى بىرەر دوستى بىلەن چاي ئىچكەچ سۆھبەتلىشىپ كېلەي دەپ ئىزدىسە، بىرمۇ رېئال دوست تاپالماسلىقى مۇمكىن. بىزنىڭ رېئال دوستلارغا ئېچتىياجىمىز بار. بۇ ۋەجىدىن، ئىجتىمائىي ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرىدىكى دوستلىرىڭىز رېئال دوستۇم دەپ ئويلاپ قالماسلىقىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.» بۇ ۋەجىدىن، دوستلىشىش ئۇچۇن ۋاقىت ئاجرىتىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. دوستلاشماقچى بولغان ئوبيېكت بىلەن بىللە مېڭىش، چاي-قەھۋە ئىچىشكە چىقىش قاتارلىقلار ئارقىلىق رېئال دوستلارنى تاپالىشىز مۇمكىن. فلورا مۇنداق دەيدۇ: «رېئال دوستلارنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلگىنىمىزدە، بىز دوستلارغا بولغان پاسسىپ مۇئامىلىلىرىمىزنى ئازايتىپ، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن بولاتتۇق.»

(تاللاپ تەرجىمە قىلىندى)

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.thehealthy.com/family/relationships/friendship-problems



# رومان ۋە تارىخىي رومان

ئۆمەرجان مەخسۇت

# روман ۋە تارىخى روман

ئۆمەرجان مەخسۇت

## 1 . روман توغرىلىق چۈشەنچە

«ھازىرقى زامان ئەدىبىيات نەزەرىيەسىدە ،ئەدەبى ئەسەرلەر: پىروزا، نەسر، ۋە نەزمى( شېئىرىيەت)، دىراما ئەسەرلەر دەپ چوڭ تۆت تارماققا بۆلۈنىدۇ،»[1] «پىروزا ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن قۇبۇل قىلىنغان بولۇپ، تۇرمۇشنى كەڭ كۆلەمدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئەدەبى ژانىر. ئۇ روман، ھېكايە، پوۋېست، قىسسە، ئەسلىمە، چۆچەك قاتارلىق كۆپ تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پروزا دېگەن يەنە پارس تىلىدا قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇمغا ئىشلىتىلىدىغان ھاۋا رەڭلىك تاشنىڭ ئىسمى (بۇنداق تاش ۋەتەنىدە كۆكتوقاي كاندا كۆپ ئىدى،يەرلىكلەر كۆك ياقۇت دەيتتى خىتايچە 海蓝宝石 دەيدۇ)، بۇ سۆز سۈپەت بولۇپ كەلگەندە ھاۋارەڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن : پروزا كۆز، (بىرچە كۆك كۆز). [پروزا ئاتالغۇسى ئىنگلىزچىدىكى prose دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئاپتور بۇ يەردە پارس تىلىدىكى فىرۇزە دېگەن سۆز بىلەن پروزا دېگەن سۆزنى ئارىلاشتۇرىۋالغان. ـمۇھەررىردىن] نەسر ـ ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇنى، شەكلى، تىلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئەركىن، ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ ئاز چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ئەدەبى ژانىردۇر. روман ـ رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قۇبۇل قىلىنغان، (روسچىدە роман ) ھەجىم جەھەتتىن چوڭراق بولغان، بەلگىلىك دەۋىردىكى ۋەقەلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن ۋە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ كەڭ كارتىنىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن ئېپىك ئەسەر بولۇپ، ئېنگىلىزچىدە Novel دەپ يېزىلىدىكەن، رومانىنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى ئىتالىيان تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، روман ـ «يېڭى خەۋەر» ياكى «يېڭى ھېكايە» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزىنى قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىم ئەدەبىياتى ، ئىتالىيەنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى روман ئەنئەنىسىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ . روман ژانىرىنىڭ قانداق بەلگىلىمىلىرى بار؟ ئۇسلۇبىنىڭ چېكى نېمە؟ روман ژانىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي ئېلېمېنتلار ياكى تۈرلەر قايسىلار؟ بۇ سوئاللار ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئەزەلدىن دۇچ كىلىۋاتقان قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم رومانغا ئوچۇق ئېنىقلىما بېرەلمىگەن. بەزىلەر رومانىنىڭ مەلۇم ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ پەقەتلا قوشۇمچە سالاھىيەت دەپ تونۇلىۋاتىدۇ. روسىيەنىڭ مەشھۇر ئەدەبىيات

نەزەرىيەچىسى باختىن : «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى رومانلارغا يولۇققاندا پۈتۈنلەي چارىسىز قالىدۇ» دەيدۇ. بۇ نەزەرىيەۋى قىيىنچىلىق يېقىنقى ئەسىردە رومان ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىشقا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۈگۈنكى رومانلار نەسىرنى ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىك ئۇسلۇبى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ ، ئەمما ئەرەب- پارىس ۋە ياۋروپانىڭ دەسلەپكى رومان تۈرلىرىدە نەزىملەر( شېئىري ئەسەرلەر)، چۆچەكلەرمۇ بار ئىدى.

ئەدەبىي رومان ئۇزۇنراق بايان قىلىنغان توقۇلما ئەسەر بولۇپ ئەدەبىي رومانلار ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىشى كېرەك. بەزى يازغۇچىلار روماندا جەمئىيەتنىڭ رېئاللىقىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن توقۇلما بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. رومانتىك رومانلاردا سېھىرلىك ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ۋەقەلەرنى گەۋدىلەندۈرىدىغان توقۇلمىلار بولىدۇ. لېكىن رومانچىلىقتىكى توقۇلمىلارمۇ يازغۇچىنىڭ بىلىش دائىرىسىدە بولىدۇ، شۇڭلاشقا مەيلى رومان بولسۇن، چۆچەك بولسۇن ياكى خىيالى ئىلىم-پەن فىلىملىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار يازغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھەر قانچە كۆپتۈرۈلسىمۇ، ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ قوراشتۇرۇلسىمۇ ئىنسانلارنىڭ بىلىش دائىرىسىدە بولىدۇ. ھازىرقى پەن-تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان، ھازىرغىچە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان تاشقى پىلانېت ئادەملىرىمۇ يەنىلا يەر شارى ئىنسانلىرىنىڭ شەكىل ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن ھالدا قىياس قىلىنىپ تەسۋىرلىنىۋاتىدۇ. تۇقۇلما رىۋايەتلەر- ئەدبىي رومانلارنى تارىخىي ئەسەرلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىك، ئەمما تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، رومانلار بىلەن تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ پەرقى ھازىرمۇ تالاش-تارتىشتا. زامانىۋى تارىخىي يېزىقچىلىق بىلەن ھېكايە يېزىش دائىم ئارىلىشىپ قالىدۇ. لېكىن تارىخى رومان بىلەن ئەدەبىي روماننىڭ پەرقىنى ئېستېتىك سەۋىيىدىنمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

## 2 . تارىخى رومانلارنىڭ ئالاھىدىلىگى

تارىخ مىللى روھنى ئويغىتىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ، ئېپتىخارلاندۇرىدۇ، جاسارەتلەندۇرىدۇ. تارىخ يېزىشتىكى مەقسەت ئاممىۋى مەسئۇلىيەتنى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەتنى قوزغاش ئۈچۈندۇر، تارىخى رومانلار، بىر جاي ياكى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە شەخسىي رېئاللىقنى تارىخچىلار ئېرىشەلمەيدىغان ئىنچىكە ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ، تارىخىي

مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. ئۇ ئاشۇ ۋاقىتسىز قىممەتلەرنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ماھارەت بىلەن ئۇلارنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزىدۇ.

تارىخى رومانلار- ھەقىقىي تەسۋىر ، خاراكتېر ۋە بايان تېخنىكىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى يېڭى تارىخى تەجرىبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەر تارىخىي رومانلار ئارقىلىق ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە بوشلۇققا كىرەلەيدۇ ، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە پېرسوناژلار بىلەن قويۇق ئالاقە قىلالايدۇ ، تارىخنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە خاسلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا ، تارىخىي رومانلار ئەدەبىيات دۇنياسىدا مۇھىم ئورۇنغا ۋە تەسىرگە ئىگە بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرگە تارىخنى چۈشىنىدىغان كۆزنەك بولالايدۇ. تارىخى رومانلاردا تارىختا ئۆتكەن مەلۇم ۋەقەلەر مەنبە قىلىنىدۇ. تارىخچىلار دەل شۇ زامان ، ماكاندا يېزىلغان ئەڭ ئىپتىدايى بىرىنچى قول يازمىلارغا بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. مەسىلەن :ۋەقەگە قاتناشقانلار ، كۆرگەنلەر، ياكى شۇلاردىن بىۋاستە ئاڭلىغانلار قالدۇرغان يازمىلار، كەنت تارىخى ، جەمەت تارىخى ، قاتارلىقلارمۇ تارىخى رومانلار ئۈچۈن ياخشى ماتېرىيال بولالايدۇ. 2020-يىلى ئەنگلىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئىرقى قىرغىنچىلىق سوتىدا بېرىلگەن شەخسلەرنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ تارىخى ماتېرىيال بولالايدۇ.

مەرھۇم ئۇستاز ئابدىرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى: «ئىز» ناملىق تارىخى رومانىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «تارىخى تېمىدا يېزىلغان رومان ، چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ھەم ھەقىقى تارىخ، ھەم بەدىئى ئەسەر بولىشى ، يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمىسى بولالىشى، ھەممىدىن ئاۋال تارىخى چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم . مۇنداق ئەسەر مۇئەللىپتىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىقىش ماھارىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دەيدۇ.

تارىخى توقۇلمىلارنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى رېئال تەسۋىردۇر. تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشتىكى رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن ، تارىخىي رومانلار چوقۇم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە پېرسوناژلارنى توغرا تەسۋىرلەپ ، ئىمكانقەدەر تارىخى چىنلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. تارىخى رومانلاردىكى پېرسوناژلار ئەسەرنىڭ يادروسى، ئاپتور تارىخىي ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش ، ئاندىن ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئىجادىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق تارىخىي ۋەقەلەر ۋە پېرسوناژلارنى قايتىدىن بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە قايتا شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ جەرياندا ئاپتور چوقۇم تارىخ بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئالاقىنى ساقلىشى ، تارىخنىڭ چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىشى ، تارىخنىڭ ئاساسىي

يىپ ئۇچى ۋە ئومۇمىي پاكىتلىرىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك ، شۇنداق بولغاندا ئوقۇرمەنلەر ھەقىقىي تارىخىي بىلىمگە ئېرىشەلەيدۇ.

3 . تارىخى رومانلارغا بولغان ئېھتىياج

ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن سىياسى، قانۇنى ۋە ئىدېئولوگىيەلىك بېسىملار تۈپەيلى، 70 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئۆزلىرى يېزىشتىن مەھرۇم قالدى. ئەسلىدە تارىخشۇناسلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى بىر قىسىم ئەدەبىيات ئەھلى قولىغا ئېلىپ، تارىخشۇناسلارغا ۋاكالىتەن تارىخى رومانلارنى يېزىپ خەلقىمىزنىڭ تارىخى ئەسەرلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى قامداۋاتىدۇ. تارىخ ئەھلى قىلالمىغان بۇ ئىشنى ئەدىبىيات ئەھلىنىڭ بولسىمۇ روياپقا چىقارغانلىقىنى قوللاش كېرەك. بۇ ئۆز تارىخىغا مۇھتاج بولۇۋاتقان ، ئەمما رەسمى تارىخى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن مىللەت ئۈچۈن ئۆتكۈنچى دەۋردە چۇقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان يولدۇر. يازما تارىخى مۇكەممەل يېزىلغان ۋە ساقلانغان مىللەتلەر تارىخى رومانلارنى ئەدەبىي ئەسەر دەپ ئوقۇيدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش يازما تارىخى يىشىپ يېتىلمىگەن مىللەت ۋە قوۋملار ئۈنىڭغا قانچىلىك تۇقۇلمىلار ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ تارىخ سۈپىتىدە ئوقۇيدۇ. خىتايغا ئوخشاش دىكتاتۇر دۆلەتلەردە، قەدىمىي پادىشالىقلاردا رەسمىي تارىخلارنىڭ كۆپ ساندىكىسىنى ھۆكۈمەت يازدۇرغان. ھۆكۈمەت تۈزگەن تارىخى كىتاپلاردا ماتېرىيال مول، يىل تەرتىپى خېلى ئېنىق بولغاچقا بىر قىسىم چەتئەل تارىخچىلىرى ئۇلارنى مەنبە سۈپىتىدە قوللانغان. ۋەتەندە يېزىلغان ئاتالمىش « شىنجاڭ تارىخى » ۋە شەخسلەر يازغان تارىخلاردا مەسىلەن : لىيۇزىشاۋ يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى» ، ئەنۋەر بايتۇر يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دېگەنگە ئوخشاش تارىخى كىتاپلاردا خىتاي تارىخىنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال قىلىپ پايدىلانغان. ئەمىلىيەتتە بۇ «تارىخ»لاردا ئۈستۈنلىككە ئىگە بولغان ھاكىمىيەت گۇمران بولغان ھاكىمىيەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تارىخىنى يازغان بولغاچقا ئىنكار قىلىش ، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن بۇرمىلانغان پاكىت ۋە ۋەقەلەرمۇ ئاز ئەمەس بولغاچقا ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى يۇقۇرى ئەمەس. تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن مەلۇمكى، غەرپتە بارلىققا كەلگەن ئەڭ نادىر تارىخى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى شەخسلەر يازغان بولۇپ، شەخسلەر يازغان تارىخ غەرىپ تارىخشۇناسلىقىدا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

4 . رومانلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ رولى

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ كۆزگە كۆرۈنگەن  تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىتچى ۋە ئەدىبى ئوبزورچى مۇھەممەت پولات «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» گە يازغان ئوبزورىدا مۇنداق دەيدۇ: ئوبرازچانلىق ـ بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيتى.  ھەممىنى ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەش، تۇرمۇشتىكى خىلمۇ ـ خىل زىدىيەتلەرنى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى نازۇك ۋە ئىنچىكە سىرلارنى، ئادەملەر روھى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ قارمۇ ـ قارشىلىقلارنى روشەن ۋە كونكىرت ئېچىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈش ـ بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ، شۇڭا يازغۇچى بىرەر ئەسەر ئۈستىدە ئىشلىگەن چېغىدا ئۆزىنىڭ ھەممە زېھنى كۈچىنى ئەڭ ئاۋال بەدىئى ئوبراز يارىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ تەلەپ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ھەر قانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان تەغدىردىمۇ ، ئوقۇغۇچى قەلبىدە بەلگىلىك ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان ھەقىقى بەدىئىي ئەسەر يارىتالمايدۇ» .

روماندىكى پېرسۇناژلار ھەر خىل مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .پېرسوناژ يارىتىشتىن مەقسەت ـ مەلۇم بىر روھنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئوبراز يارىتىش، ھەمدە  شۇ تارىخى شارائىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتنى ، خەلقنىڭ روھى ھالىتىنى ، ياشاش ئۇسۇلى، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق تۇقۇلمىلارنى تېخىمۇ جانلىق ۋە تەبىئى كۆرسىتىش ئارقىلىق شۇ چاغدىكى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىپ،ئاساسى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىدۇ.
مەسىلەن: تالانتلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر يازغان«ئانا يۇرت »رومانى ۋەتەندە 1998 ـ يىلىدىن كېيىن يېزىلغان ئەڭ ياخشى تارىخى رومان بولۇپ، بىزگە ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇلۇشىغىچە بولغان سىياسى مۇھىتتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەردىن مەلۇمات بېرىدۇ. رومان خىتاي زۇلمى كۈنسىرى ئېشىۋاتقان چاغلاردا يېزىلغىنى ئۈچۈن  كىتاپتا ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا نۇرى ئىسملىك دېھقان بالىسى تەقلىت قىلىنغان. ئاقكۆڭۈل، ساددا دېھقان بالىسىنىڭ ھەيۋەتلىك قەيسەر جەڭچىگە ئايلىنىش سەۋەپلىرى، جەريانلىرى بايان قىلىش ئارقىلىق ھېچبىر سىياسى داۋراڭسىزلا 2 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۇسۇپ ـ يېتىلىش جەريانى ۋە تەقدىرى يورۇتۇلىدۇ. ئاخىردا نۇرى ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان ئارزۇ تىلەكلەرگە جەننەتنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئاخىرقى بىر قەدىمى قالغاندا، ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسىدا شىرىن خىياللار بىلەن يىراقلارغا كۆز تىكىۋاتقان نۇرى ئىككى تەرەپتىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان ئىككى تال توپ ئوقىدا ئۇن چىقىرالماي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. مىللى ئىنقىلاپنىڭ يۈزسىز ـ پەسكەش ئىككى كۈچنىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىق ئېچىنىشلىق تەغدىرى ئۈستىلىق بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سىلىنىدۇ . شۇ قاباھەتلىك يىللاردا

كىتاپتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇشۇرۇن مەنالىق دىئالوگلارنى يېزىشقا جاسارەت قىلىشقا قورقماس يۈرەك كېرەك ئىدى.

## 5 . ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ تىرىك شاھىتلىرىنىڭ رولى

ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسلىمىلەر، تارىخى رومانلار يېزىلدى. قەلەم تەۋرەتكەنلەرنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئىنقىلاپقا بىۋاستە قاتناشقان شاھىتلار بولۇپ ، ئۇلار شۇ ۋەقەگە قاتناشتى، ياكى شۇ ۋەقەنىڭ پەيدا بولىشىدا بىۋاستە رول ئوينىدى. بۇنداق يازمىلار بىرىنچى قول ماتىرىيال بولىدۇ. مەسلەن، سوپاخۇن سۇۋۇروپنىڭ «مەن كەچكەن كېچىكلەر » ، ھاكىم سادىروۋپنىڭ «مەن ھەقدار بولغان ئىشلار »قاتارلىق ئەسلىمىلىرى. بۇلار گەرچە تارىخى رومان تىپىدا بولسىمۇ شەخسى كەچۈرمىشلەر بولغىنى، روماندا ھەقىقى ۋەقەلەر ، ھەقىقى ئادەملەر ئەينەن بايان قىلىنغىنى ئۈچۈن ،بۇ كىتاپلاردا يېزىلغان ھەر قانداق پاكىت ۋە گۇۋاھلىقنى تارىخى رېئاللىق ئەمەس، ئويدۇرما دەپ، يالغانغا چىقىرىشقا بىزدە پۇت تىرەپ تۇرغىدەك ئىسپات بولىشى كېرەك. ھازىر لاگىر شاھىتلىرىمىز توغرىلىق كىتاپلار يېزىلىۋاتىدۇ. شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى مەيلى تارىخ بولۇپ يېزىلسۇن ياكى تارىخى رومان بولۇپ يېزىلسۇن، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ئاللىقاچان خەلقئارادىمۇ ئېتىراپ قىلىنغان پاكىت. ئىشىنىمىزكى، بۇنداق كىتاپلار بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە مىليونلىغان ئىنساننىڭ گۇۋاھلىقى بار ! بۇ زۇلۇملار تۈرمە، لاگېر ، قۇل ئىشچىلار ، مىليون ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى بىشىدىن كەچۈرۋاتقان رېئاللىق. لاگېر سىرتىدىكىلەر بۇ زۇلۇمنى ھەقىقەت دىگەنلىكى ئۈچۈن دەۋا يولىدا كېتىۋاتىدۇ . بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ھامان بىر كۈنى سان ـ سىفىرلىرى بىلەن تارىخ بولۇپ يېزىلىشىغا ئىشەنچىمىز بار .

## 6. تارىخى كىتاپلار كۆپ مەنبەلىك بولىدۇ

مەرھۇم ئابدىراخمان سابىت يازغان«ئۇيغۇرنامە»دىگەن كىتاپنىڭ «پايدىلانغان ئەدەبىياتلار» مۇندەرىجىسىدە يەتمىش بىر كىتاپ تىزىلغان. ئۇنىڭ دىيىشىچە يۇقۇرىقىلاردىن باشقا: ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» ، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمى ژۇرنىلى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىگى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «بۇلاق » ، «ئىلى دەرياسى» ، شىنجاڭ مەدەنىيتى» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، 1946 ـ يىلدىن1947 ـ يىلغىچە غۇلجىدا نەشر قىلىنغان«كۈرەش »ژۇرنىلى، 1948 ـ 1950 ـ يىللاردا نەشر قىلىنغان «ئىتتىپاق

»ژۇرنىلىنىڭ يىللىق توپلاملىرىدىن، ئۇيغۇر، ئۆزبەك تىللىرىدا نەشىر قىلىنغان ھەر خىل گېزىت-ژۇرناللاردىن پايدىلانغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. دېمەك «ئۇيغۇرنامە»دېگەن كىتاپتىلا شۇنچە كۆپ ئىنسانىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ ھەسسىسى بار دېگەن گەپ. بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئويلانغاندا ئۇ پايدىلانغان يۇقۇرىقى ھەر بىر ماتېرىياللارنىڭ روياپقا چىقىشىدا يەنە قانچىلىغان بىلىم ئەھلىنىڭ ئەجرى باردۇر دەپ ئويلىماي تۇرالمايمىز .دېمەك تارىخى كىتاپلار قارىماققا بىر ياكى بىر نەچچە ئادەمنىڭ قولىدىن چىققاندەك قىلسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ھەر قانداق تارىخى ۋە نەزىرىيىۋى كىتاپ ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا نۇرغۇنلىغان تارىخچى، ئالىم، پەيلاسوپلارنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن بولىدۇ. يازغۇچى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرلىرىدىن پايدىلىنىدۇ، يەكۇنلىرىدىن نەقىل ئېلىپ ئۆز ئىدىيەسىنى تەستىقلايدۇ.

ۋەتەنده ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئەدىبىيات پىشۋالىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى ئىزدەش ، تىرىلدۈرۈش دولقۇنى قوزغىلىپ كۆپلىگەن تارىخى رومانلار، ئەسلىمىلەر نەشىر قىلىندى. شۇنداقلا بەزى تارىخى شەخسلەرگە كۆپلەپ ھايات تۇقۇلمىلىرىنى ۋە سىياسى توقۇلمىلارنى ئارتىش ئارقىلىق يازغۇچى ئۆز ئاززۇسى بويىچە قەھرىمان ياراتتى .مەسلەن : سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «سۇتۇق بوغراخان » ، ئۇيغۇر يازغۇچى پەرھاد جىلان يازغان«مەھمۇت كاشغەرى » ، ۋە باشقا «نۇزۇگۇم» ،«ئىپارخان» ،«مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» ، «باشئەگمەس» دېگەندەك بىر تالاي تارىخى كىتاپلار نەشىر قىلىندى. بۇ تارىخى رومانلارغا ئىجابى جەھەتتىن قارىساق ، بۇلار ئىنتايىن چەكلىك پاكىتلار ئارقىلىق بولسىمۇ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدا داستان بولۇپ يۈرگەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ، مىللى دۆلىتىمىزنىڭ پىشۋالىرىنى ۋە تارىخى شەخسلىرىمىزنى يۇرۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتى. بۇ ئەسەرلەردە يازغۇچى تەرىپىدىن كۆپلەپ تۇقۇلمىلار سەپلەنگەن بولسىمۇ بۇ رومانلارنىڭ روياپقا چىقىشى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنداق تارىخى رومانلار ئارقىلىق سۇلتان سۇتۇق، مەھمۇت كاشغەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاتارلىق بۈيۈكلىرىمىزگە ئىگە چىققانلىقىمىز بولىدۇ. ۋاقتىدا ئىگە چىقماي يۈتتۈرگەن قىممەتلىك بايلىقلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. ئۆزىمىزدە يېزىلغان تارىخى رومانلار، تارىخى شەخسلىرىمىز بىلەن بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ رىشتىسىنى باغلايدۇ. ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدە يېزىلغان تارىخى رومانلار ئارقىلىقمۇ ھېچبولمىسا مەلۇم يۇرتنىڭ مەلۇم دەۋردە، شۇ يۇرتتا ئۆتكەن داڭلىق تارىخى شەخسلەر ۋە ئايرىم تارىخى ۋەقەلەردىن بىر ئاز خەۋەردار قىلالايدۇ، سۈكۈتتىكى خەلقىمىزنىڭ ئۆز تارىخى ئۈستىدە ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ.

7. ۋەتەندە يېزىلغان تارىخى رومانلاردا ساقلانغان مەسىلىلەر

ئايرىم تارىخى رومانلاردا بىر نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى سىياسى، ئىجتىمائى مەسىلىلەرنى هازىرقى دەۋىردىكى ۋەزىيەت بويىچە تەپەككۇر قىلغانلىرىمۇ بار. بەزى ئاتالمىش تارىخى رومانلار پوتونلەي دېگۈدەك رىۋايەت تۈسىنى ئالغان. قەهرىمان يارىتىش مەقسىتىدە هەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغەلەشتۇرۇشمۇ ئۇقۇغۇچىلارنىڭ، تارىخى شەخس ۋە ۋەقەلەرنىڭ رېئاللىقىغا بولغان گۇمانىنى كۈچلەندۇرۇۋېتىدۇ. ئايرىم تارىخى رومانلاردا هەتتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گەۋدىلىنىپ، ئايرىم خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋىجدانى، ئادىللىقى بازارغا سېلىنغانلىرىمۇ بار. تارىخى رومانلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە، رومان ئىجادىيتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تارىخى بىلىملەر بىلەن تونۇشلۇقى ، ئاق ـ قارىنى پەرق قىلىش ئىقتىدارى ، تارىخقا بولغان توغرا ، سەممىي پوزىتسىيەسى سەۋەپلىك، ئوخشاش بىر ۋەقە ئوخشىمىغان ئادەملەرنىڭ قەلىمىدىن پەرقلىق بايان قىلىنىشى مۇمكىن.
شۇڭلاشقا، تارىخى يازمىلاردىن مەنپەئەتلىنىش ئۇچۇن ئوقۇغۇچىلاردىمۇ بەلگىلىك تارىخى بىلىم سەۋىيە تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا كىتاپتىن ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ئىجابى ـ سەلبى ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ .

8. چەتئەل تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان رومانلارنىڭ رولى

سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىدا رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشىر قىلىنغان رومانلارنى پاخپاق رومانلار دېيىش خاتا.سوۋىت رومانلىرى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئاساسى ۋە ئۆرنىگى، ئەمىلىيەتتە، بىزنى تەربىيىلەپ دونيانى تونۇتقان، تارىخنى ئۆگەتكەن ئاشۇ رومانلار ئىدى. ئۇ چاغلاردا شارائىتىمىز شۇنچىلىك ئىدى. رۇسچە ۋە خىتايچىدىن باشقا چەتئەل تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان رومانلار كامدىن ـ كام ئىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمە قىلغان تۈركىيەنىڭ «مەمەت ئاۋاق »دېگەن رومانىنى كۆرۈپ تەۋرەپ كەتكەن ئىدۇق. ۋەتەندە ياشاپ ئەقلىنى تاپقان هەر قانداق ئۇيغۇر تىللىق قەلەمكەشلەر هازىر مۇهاجىرەتتە مەيلى چەتئەل داڭلىقلىرىنىڭ يەتتە توملۇق كىتاپلىرىنى ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتسىمۇ تەپەككۇر ئاساسى يەنىلا ئۇيغۇرچە رومانلاردىن يېتىلگەن. بولۇپمۇ، ۋەتەندە خىتاينىڭ قول ئاستىدا ئوتتۇز يىل ياشاپ بىر جۇملە خىتايچە سۆزنىمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدىغانلارنىڭ يولى تېخىمۇ تار ئىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40ـ يىللىرىدىن، تاكى —70يىللىرغىچە، ئۇيغۇرلاردىكى رومان ۋە تارىخى رومانلار مەنبەسى، ئاساسەن سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان رومانلار بولغاچقا سەدىرىدىن ئەينى، ئۇمەر

مۇھەممەدى،ئابدۇللا قادىرى، ئايبېك،نىكولاي تولستوي،ئالېكسى تولستوي، پوشكىن، لېرمونتوۋ، چېخوپ، ماكسىم گوركى، ئىليا ئېرېنبورگ، شولوخوپ، قاتارلىق دۇنياغا تونۇلغان نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، تارىخچى، شائىرلارنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر زىيالىلىرىغا بەك تونۇشلۇق ئىدى. مۇشۇ ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بىزگە تونۇشتۇرغان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا مېنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىم بار. ئېھتىياج بولغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى رومانلىرىدىن مىساللارنى ئېلىپ پايدىلىنىپ، كېرەك قىلمىغاندا توقۇلما، يالغان دېسەك، بۇ بىزنىڭ ئىلمىگە ئەمەس، ھېسسىياتقا تايانغانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ.

9. ئۇيغۇر تارىخى رومانچىلىقىغا ئوبېكتىپ باھا بېرىش

«رومان تۈركچىدە توقۇلما دېگەن سۆز، روماندىكى ئوچۇرلارغا ئىشەنسەك خاتالىشىسەن، بۇ رومان تارىخى رومان بولغان تەقدىردىمۇ، تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن يېزىلدى دېگەندىمۇ يەنىلا رومان، يەنىلا سەنئەت ئەسىرى، ئىلمىي ئەمگەك ئەمەس، ئىلمىي ماقالىلار ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەسى قىلىشقا بولمايدۇ، روماننى مەنبە قىلسىڭىز كۈلكىگە قالىسىز»،« تارىخى رومان ئاكادېمىك مەنىدە تارىخ ئەمەس، بۇنى تارىخ دېگىلى بولمايدۇ-توقۇلما» ، «تارىخىي رومانلارنى تارىخنىڭ ئۆزى دەپ قاراش خاتا، تارىخىي رومان تارىخىي ھۆججەت ئەمەس، توقۇلما ئەسەرلەر تارىخنىڭ ئۆزى ئەمەس، بۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم، يازغۇچى چوقۇم بولغان نەرسىنى يازمىسىمۇ، بولىشى مۇمكىن بولغان ئەقىلگە مۇۋاپىق، بولۇشقا تېگىشلىك، بولۇش ئېھتىمالى بار ئىشلارنىمۇ يازالايدۇ» دېگەندەك كۆز قاراشلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ ئەدەبىي رومان بىلەن تارىخىي رومانلارغا ئوخشاش تون پىچىلدى. ئۆز ئەمەلىيتىمىزگە، ئۆز مەنپەئەتىمىزگە يىغىنچاقلىغاندا ئۇقۇرمەنلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىمەن:

A

ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيتى، باشقا مىللەتلەرنىڭ كاللىسىدا ئۇيغۇر دۇنياسىنىڭ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ ئىدىيەسى ۋە قىممەت يۆنىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز تارىخى رومانلارغا باھا بەرگەندە غەربىتىكى «مودا» دەپ تونۇلغان ئېقىملارنى قوغلاشماي، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزنى ئويلىشىشىمىز لازىم. ئەگەر ئىنكار قىلىشقا توغرا كەلسە ھەر قانداق دۆلەتنىڭ تارىخىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ھېسسىيات سىڭگەن بولىدۇ، سۈزۈك سۇدەك تارىخ يوق. چۈنكى تارىخنى شۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىرى يېزىپ چىقىدۇ، يازغۇچىدىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ بېشىغا

كەلگەن كۆلپەتلەرگە ئېچىنىش ، ۋەتىنىدىن ، مىللىتىدىن ئېپتىخارلىنىش ھېسسىياتى بولىدۇ.
تارىخچىغا قويۇلىدىغان تەلەپ باشقا گەپ، لېكىن ئىجراسى باشقا گەپ. ئەگەر تارىخىي رومانلارنى پۈتۈنلەي ئويدۇرما، يالغان دېسەك ھازىرغىچە بىلگەنلىرىمىزمۇ نۆلگە تەڭ بولۇپ، تارىخچىلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان بولىمىز. تەتقىقاتچىلىرىمىز، ئەدىپلىرىمىزمۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئالداپ يۈرگەن كۆلكىلىك تىراگىدىيە كېلىپ چىقىدۇ. چەتئەل ئەدىبلىرىگە قارىغۇلارچە چۇقۇندىغانلارمۇ ئەمىلىيەتتە چەتئەللىك ئەدەبىيات پىشۋالىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

B

ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخى نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن جەريان بولۇپ، تارىخنى يالغۇز بۈگۈنكى تارىخچىلارلا يېزىپ چىققان ئەمەس. بۇ تارىخلاردا نۇرغۇن تارىخچىلارنىڭ، پۈتۈكچىلەرنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگىكى بار. تۇتاشتۇرۇلغان تارىخى ھالقىلارنىڭ ھەممىسنى بۈگۈنكى ئەندىزىلىرىمىزگە چۈشىدۇ دېيەلمەيمىز. بولۇپمۇ سابىق سوۋىت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ تارىخى قاتتىق دەپسەندى قىلىندى.
مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر ئۆز تارىخىنى باشقىدىن يېزىۋاتىدۇ، مەيلى ئۇ تارىخلار پۈت دەسسەپ تۇرالىسۇن ياكى تۇرالمىسۇن، ئۇلار شۇنى دۇنياغا تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەتىگە ئۇيغۇن كەلگەن تارىخلارنى خەلقىمۇ ئېتراپ قىلىپ شۇ تارىختىن ئېپتىخارلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق مىللى روھ بىزگىمۇ ئورتاق بولۇشى كېرەك.

C

ئۇيغۇر تارىخىنى بۇندىن بۇرۇن بەزى تارىخچىلىرىمىز يازغان بولسىمۇ ئۇمۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن مۇكەممەل تارىخىمىز ئوتتۇرىغا چىقمىدى. پەقەت مەلۇم دەۋرگە، مەلۇم  ۋەقەگە ئائىت يېزىلغان تارىخى يازمىلار بار. بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئەجرىنى قەدىرلىشىمىز،ئۇلۇغلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ئايرىم شەخسلەر، بىزنىڭ تارىخى قەھرىمانلىرىمىزنى ئىنكار قىلىشقا ، يازغۇچى ،شائىر، ئەدىپلىرىمىزنى ئىنكار قىلىشقا، ئۇيغۇرلۇقىمىزنى ئىنكار قىلىشقا بەك ھېرىسمەن ئىكەن.  ئەمدى كېلىپ تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان چېگراسى ئېنىق بولمىغان  نەزەرىيىلەر ئارقىلىق تارىخى رومانلىرىمىزنى ئويدۇرما ، تۇقۇلما ، يالغانغا چىقارساق،  تارىخى رومانلاردىكى شۇ كىچىككىنە يورۇق نوقتىلارنىمۇ ئىنكار قىلساق، بىزدە قۇرۇق جىسمىمىزدىن باشقا ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىمىزدە زادى نىمە قالىدۇ؟ بىزدە ھەممە نەرسە ئىنكار قىلىنىۋەرسە ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ بۇنداق شەكىللەنگەن پىسخىكىمىز بىزنى نەگە باشلايدۇ؟ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ

كىملىگىنىمۇ  بىلمەيدىغان ئۇيغۇر بولۇپ ياشىشنى خالامدۇق؟ نېمىشقا مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىماي، ئۆلۈزمىزنىڭ نام-ئابرۇيىنى دەپ ھەممىگە ھۇجۇم قىلىمىز. بۇنداق قىلىشنى ئابروي ھېساپلاپ ھۇزۇرلىنىمىز. مۇھاجىرەتتە بۇنداق تەتۈر قۇيۇن چىقىۋاتقانغا خېلى يىللار بولدى. خەيرىيەت بۇ سىرلارمۇ بىر كۈنى يېپىشلەر.

D

ئەركىن دۇنيادا رومان يېزىش بىلەن مۇستەبىت قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ قول ئاستىدا تارىخ يېزىشنىڭ خەتىرىنى ئويلاش كېرەك. 30-يىللاردا ئۆمەر مۇھەممەدى كىتاپ يازغىنى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، بۇنداق تىرورلۇق 70 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ يۈرىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ  نۇرغۇن تارىخى ۋەقەلىرىمىز ئوبيكتىپ شارائىت تۈپەيلىدىن تارىخىي رومان شەكلىدە خەلقىمىزگە يەتكۈزۈلدى. تارىخىي رومانلار بىزگە ئازراق ھەقىقەتنى ئۇقتۇرالىسىلا ئۇ رومانلارنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئۇقىدۇق . بۇ رومانلاردا راست گەپلەر، خەلقنىڭ ھەققانى سادىلىرى ئاتالمىش «ئەكسىيەتچىلەر ، مىللى بۆلگۈنچىلەر »نىڭ تىلى ئارقىلىق، «جىنايەتلىرى »ئارقىلىق بايان قىلىندى، مىللەت دەپ كۆيىۋاتقانلار ئۈچۈن بۇمۇ بىر خىل كۈرەش قىلىش شەكلى بولۇپ كەلدى. ئەگەر بۇلارنى ئىنكار قىلىش توغرا كەلسە «ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئىتتىن قورقمايدىغان» لار، ۋەتەندە مەنمۇ مۇنداق پېيەلىگەن دەپ بىرەر پاكىتلىق نەرسىسنى كۆرسىتىپ باقسۇن.

يازغۇچى غۇلام ئۇسماننىڭ دېيىشچە، ئۇنىڭ تۇنجى تارىخى رومانى«باياۋاندىكى گۈلخان»نى يېزىشتا ئون يىل قاتتىق ئىزدەنگەنلىكىنى، «ئىزچىلار »گۇرۇپپىسىغا ئەگىشىپ سەككىز كۈن ئايلىنىپ ناھىيە يېزا -كەنتلەرنىڭ تەبئى جوغراپىيەلىك ئالاھىدىلىگى، تۇپوگرافىك كۇرۇنۇشلىرى، يەنى : دەريا -ئېقىنلىرى ، تۇپراق ئالاھىدىلىكلىرى ، مازارلىقلار... دېگەندەك ئەھۋاللىرنى خاتىرىلەپ بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .  شۇڭلاشقا بۇ روماندا«چىنلىق بار»ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. رومان مەيلى تارىخى رومان بولسىمۇ ھەممىسى ،تۇقۇلما، ئىلمىي قىممىتى يوق دەپ ھۆكۈم ئېلان قىلىۋېتىپ، ئارقىدىنلا مېنىڭ رومانىمدا چىنلىق بار دېيىلسە، مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولامدۇ؟ باشقىلار يازغان تارىخىي رومانلارمۇ ئون-يىگىرمە يىللىق ئەجرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ھەر كىشىنىڭ قىلغان جىنايىتىگە قاراپ جازا پىچىش ئۈچۈن قانۇن تۈزۈلگەندەك، ئۇيغۇر تارىخى يازمىلىرىغىمۇ كۆزگە ئىلماسلىق، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولماي، ئوبيكتىپ ۋە پەرقلىق باھا بېرىلىشى لازىم.

توغرا، بىزدە بىر نەچچە پارچە خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنى مەدھىيلەيدىغان ،ياكى زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسلۇپتا يېزىلغان تارىخىي رومانلارمۇ چىقتى. تارىخىي روماننىڭ ھەممىسىدىلا ھەقىقەت بار دېيەلمەيمىز، بۇ پەقەت شەخسلەرنىڭ تارىخنى بىلىش چوڭقۇرلىقى، ھەقىقەتنى قوغداش روھى، ئىلمى ئىقتىدارى بىلەن توغرا نىسبەتتە قالىدى . بىزنىڭ سىياسى ئورنىمىز، ئىجتىمائىي مەسلىمىز تېخىچە ھەل بولمىغان مىللەتمىز، ئۆزىمىزنى كۆپرەك ئويلايلى، ئۇيغۇرنى مەنستىمەسلىك، ئۇيغۇر زىيالىلىرىنى دۈشمەن كۆرۈش، ئۇيغۇر سۇ ئىچىۋاتقان قاچىنى چېقىۋېتىپ، ھە دەپ چەتئەل داڭلىقلىرىنىڭ لىرىكىلىق ھېسسىياتلار بىلەن تولغان قازىنىغا تەلمۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش، ھازىرقى رېئال ئەھۋالىمىزغا ماس كەلمەيدۇ. ھازىر بىزدە ئۇنداق ھەۋەسمۇ يوق.

10 . خۇلاسە كالام :

مېنىڭ رومانغا قىزىقىشىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدا رەسمى باشلانغان ئىدى، ھېيتلىق پۇلۇمغا كىتاپخانىدىن «ئىلىيادا قەھرىمانلىرى »دېگەن گىرىك رىۋايىتىنى سېتىۋالغان ئىدىم. بۇ كىتاپتا ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرسىدىكى كۈرەش تەسۋىرلەنگەن.ئارقىدىن «تاراس بولبا »دېگەن كىتاپنى سېتىۋالدىم.بۇ كىتاپتا ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ پولشا مۇستەملىكىچىلىرگە قارشى كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن ئىكەن. ئۇ چاغدا ئۇيغۇرچە ئوقۇغانلار باشلانغۇچنى تۆت يىل ئوقۇيتوق (خىتايچە ئوقۇغانلار ئالتە يىل ئوقۇيتى). تولۇقسىزنى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. بۇ مەكتەپنىڭ تولۇق نامى« شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىنىڭ شۆبە ئوتتۇرا مەكتىۋى» دېيىلەتتى. بۇ مەكتەپتە سوۋېتتە تەرجىمە قىلىنغان رومانلار بەك كۆپ ئىدى. ماڭا ئوخشاش رومان ھەۋەسكارلىرى رومانلارغا بەس -بەستە كىرىشىپ كەتتۇق. ھەتتا كىچىكلىگىمىزگە باقماي ئەلشىر نەۋائىينىڭ «پەرھاد-شىرىن »، «لەيلى-مەجنۇن»دېگەندەك نەزمە شەكلىدە يېزىلغان كىتاپلارنى، (بۇ كىتاپلارنىڭ ئالدىنقى بېتى چاغاتاي يېزىقىدا ئارقا بېتىدە ئۇيغۇرچىسى بار ئىدى )، «مىڭ بىر كېچە»نىڭ كىرىل يېزىقىدا يېزىلغان ئۆزبەكچىسى بار ئىدى. تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ تولۇق ئورنىغا چىقىدىغان يىلى ھۆكۈمەتكە خىتايچە بىلىدىغان ئىختىساسلىقلار كېرەك بولۇپ بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خىتاي تىلىدا دەرىس ئۆتۈشنى سىناق قىلدى. مەكتەپنىڭ ئىسمىنى«تەجرىبە ئورتا مەكتەپ » دەپ ئۆزگەرتتى. ئائىلە تارىخىدا «مەسلە بار »دېيىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە (ھازىرقى 14-ئوتتۇرا مەكتەپ) يۆتكەپ ئورنىغا ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردىن ئاتالمىش «تەركىۋى ياخشى» ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ،

ياتاقلىق مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئاساسەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتى»نى پۈتتۈرگەنلەر كېلەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1958 ـ يىلىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەركىتىدە زەربە يەپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتى»نىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىچىدە مۇسكۋادا بىلىم ئاشۇرغان تارىخ ئوقۇتقۇچىسى مەمتىمىن مۇئەللىممۇ بار ئىدى. بۇ مەكتەپ «تەجرىبە ئوتتۇرا» مەكتەپ بولغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. پىشقەدەم ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار باشقا خىزمەتلەرگە يۆتكەلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كۈچلۈك مەكتەپ ئىكەن. مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ئۇيغۇرچە كىتاپلار كۆپ ئىدى. بۇ مەكتەپتە تاكى قايتا تەربىيە دەپ يېزىغا چۈشكىچە بولدۇق. بۇ مەكتەپتىكى مۇھىت قويۇق مىللى پۇراقتا ئىدى. مەكتۇۋىمىزدىن نۇرغۇن يارامىلىق ياشلار يېتىشىپ چىقتى. مەسلەن: ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەخمەت ئىمىن، ئازات ئالماس، يازغۇچى پەرھاد جىلان ، مۇزىكانت ياسىن مۇخپۇل، ۋە ئۇنىۋېرستېتلاردا پىروففىسورلار ، مۇئارىپچىلار ،تەرجىمانلار، كارخانىلاردا خېلى مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان باشقۇرغۇچىلار بارلىققا كەلدى. ئادەم ياخشى تەربىيە ئېلىپ ئۆلى چىڭ بولسا ئۆز كەسپىدىلا قابىلىيەتلىك بولۇپ قالماي ، ئەخلاق ساپاسىمۇ يۇقۇرى بولىدىكەن. مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان، ئۇتتۇق قازانغانلارغا ھەسەت قىلمايدىغان، بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدىكەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رومان ھەۋەسكارلىرى ئىدى. ئوقۇغان كىتاپلىرى ھەققىدە دائىم تەسىراتلىرىنى سۆزلىشەتتى. دېمەك ياشلىقىدا يېتىلگەن كىتاپ خۇمارلىقى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى بېيىتقان ئىدى.


سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ سۇلتانى
مۇھەممەتئىمىن باھادىرخان
ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇدرەتلىك سۇلتانى مۇھەممەتئىمىن باھادىرخان

هاجى ئەكبەر مۇھەممەتنىياز

مۇھەممەتئىمىن باھادىرخان مىلادىيە 1638 ـ يىلى يازدا، بوۋىسى ئابدۇرېھىمخان ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى لۈكچۈندىكى خان ئوردىسىدا تۇغۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى باباخان ئابدۇرېھىمخان سۇلتاننىڭ 4 ـ ئوغلى ئىدى. ئابدۇرېھىمخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 ـ ھۆكۈمرانى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى سۇيىقەست بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان ئىدى. سۇلتان ئابدۇكېرىمخان سەلتەنەتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى مەزكۇر كىچىك ئىنىسىنى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغا نائىپ خان قىلىپ تەيىنلەپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي چېگرا يۇرتلىرىنى قالماقلارنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرىدىن قوغدىغان ئىدى.
ئابدۇرېھىمخان 1590 ـ يىلىدىن 1638 ـ يىلى كۈزدە ۋاپات بولغىچە بولغان يېرىم ئەسىردەك ۋاقىتتا سەئىدىيە خانلىقىنى قالماقلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن قوغداپ، قالماقلارنىڭ تارىم ۋە يارىش ۋادىسىدىكى تەھدىتلىرىنى تۈگەتكەن ئىدى.

ئابدۇرەھىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قالماقلار ئاقسۇغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغاندا، سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن ئىنىسى ئوبۇل مۇھەممەتخان ئىككى تەرەپتىن قالماقلارغا تەڭلا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قالماقلار خېلى بىر مەزگىلگىچە سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىگە بېسىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. سۇلتان ئابدۇللاخان 1641 ـ يىلى 40 مىڭ كىشلىك قوشۇن بىلەن پەرغانە ۋە تاشكەنت خانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، پەرغانىنى بويسۇندۇرغان. تاشكەنت يىللىق سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندى ئەلگە ئايلانغان.
1644 ـ يىلى يازدا ئابدۇللاخان يەنە ئۇلۇغ بوۋىسى سۇلتان سەئىدخان تولۇق بويسۇندۇرغان ھىمالايا ۋە پامىر ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق زېمىنىنى قايتىدىن تولۇق بىرلىككە كەلتۈرگەن. دەل شۇ يىلى كۈزدە مانجۇرىيەدىكى مانجۇرلار سەددىچىن سېپىلىدىن كىرىپ مىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە پۈتۈن خىتاينى بويسۇندۇرۇپ، سېپىلنىڭ غەربىدىكى بۇيۇك سەئىدىيە خانلىقى ھامىيلىق قىلىۋاتقان تۇڭگانلار، سالارلار ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتلىرىغا چىشىنى بىلەشكە باشلىغان. سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ جىيەنى، يەنى شەرقىي قىسىم نائىپخان ئوبۇل مۇھەممەتنىڭ ئوغلى تۇرۇمتاي 1649 ـ يىلىدىكى تۇڭگانلارنىڭ مانجۇرلارغا قارشى كۈرىشىنى قوللىغان. نەتىجىدە، ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن چىڭ سۇلالىسى بىلەن 135 ياشقا كىرگەن سەئىدىيە خاقانلىقى ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولغان.
تۇرۇمتاي نەۋرە ئىنىسى مۇھەممەتئىمىن خانزادىنىڭ كىچىكىدىنلا ھەم قەلەمدە ھەم ئەلەمدە تەڭلا يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. تۇرۇمتاي 1649 ـ يىلىدىن 1653 ـ يىلىغىچە مانجۇلارغا

نەچچە قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، مانجۇلارنىڭ سەددىچىندىن چىقىپ غەرپكە تاجاۋۇز قىلىش ئىستىكىنى چارەك ئەسىر كېيىنگە سۈرۈۋەتكەن.

مىلادىيە 1654 ـ يىلىغا كەلگەندە، قالماقلار قازاقلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، سۇلتان ئابدۇللاخان مانجۇرلارنىڭ سودا ئالاقىسى ئورنىتىش تەلىپىنى تەستىقلاپ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ سودا يوللىرىنى تولۇق تىزگىنلىگەن. 1655 ـ يىلى قونتاجى ئۆلگەندىن كېيىن، قالماقلار بىر مەزگىل چېچىلىپ كەتكەن ۋە ئىنتىزامى بۇزۇلغان. بۇ چاغدا نەۋرە ئاكىسى تەرىپىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا يۆتكەلگەن 17 ياشلىق مۇھەممەتئىمىن خانزادە سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەن قالماقلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئەجدادى سۇلتان ئەھمەدخاندىن كېيىنكى قالماقلارنى ئەندىشىگە سالغان سىمۇوللۇق شەخسكە ئايلىنىشقا باشلىغان. ئۇ كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە شىمال تەرەپتە يىراق ئالتاي، شەرقتە ھازىرقى موڭغۇلىيەدىكى قوبدۇ، شەرقىي جەنۇپتا كەڭسۇ، غەرپتە ئۇچتۇرپانغىچە بولغان بىپايان تۇپراقلاردا يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىپ، ئۇچ يۆنىلىشتىن كەلگەن تەھدىتلەرنىڭ ھەممىنى بىتچىت قىلغان.

مىلادىيە 1655 ـ يىلى لۈكچۈندىكى ئوبۇل مۇھەممەتخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باباخان چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتنى قۇمۇلدا قالدۇرۇپ، 2 ـ ئوغلى مۇھەممەتئىمىن بىلەن بىللە لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ، نائىپخانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. بۇ چاغدا ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن مۇھەممەتئىمىن شۇ يىلى كۆزدە شىھىت بولغان نەۋرە ئاكىسى تۇرۇمتاينىڭ ئورنىدا لەشكىرىي ئىشلارنى باشقۇرغان. ئۇ 1655 ـ يىلدىن تاكى 1677 ـ يىلغىچە بولغان ئۇرۇشلاردا كەينى ـ كەينىدىن زەپەر قۇچۇپ، ئۇچ ئەۋلاد قالماق تۆرىلىرىنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، 1661 ـ يىلى بۇخارا بىلەن خىۋە خانلىقلىرى ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ، نەچچە يۈزمىڭلىغان ئاھالىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا كۆچۈپ كېلىشى بىلەن تەڭ مالىيە بېسىمى ئېغىرلاشتۇرغاندىن سىرت، ئافاق خوجىنىڭ بۇلاردىن پايدىلىنىپ مەخپىي يوسۇندا كۈچ توپلاپ، سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن ئۇنىڭ 30 يىلدىن بۇيان قەشقەر ۋالىيسى بولۇۋاتقان ئوغلى يولۋاسخان ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشى تۇپەيلىدىن، يېرىم ئەسىرلىك ئاخىرقى گۈللىنىش دەۋرى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. مۇھەممەتئىمىن خانزادە تەخت تالىشىش ماجىرالىرىدىن يىراق تۇرۇپ، داۋاملىق دۆلەتنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداشتا چىڭ تۇرغان. بۇ ھال باباخاننىڭ 1675 ـ يىلى ۋاپات بولۇشىغىچە داۋام قىلغان. باباخان يىراقنى كۆرەر كىشى بولۇپ، خانلىق ئۈچۈن مۇھىم بولغان قومۇل ۋىلايىتىنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجا ئوغلانىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن مۇھەممەدشاھ غازىبەگ دېگەن كىشىگە ئامانەت قىلغان ئىدى. بۇ كىشى بىلەن ئوغلى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ قومۇل ۋىلايىتىنى تاكى 1697 ـ يىلغىچە قالماقلار ۋە مانجۇرلاردىن قوغاپ كەلگەن. باباخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت لۈكچۈن ئوردىدا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا نائىپخان بولغان. ئىنىسى مۇھەممەتئىمىنخان سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ باش ئەمىر لەشكىرى بولغان. مۇھەممەتئىمىنخان سۇلتان ئابدۇللاخان تەختىنى تاشلاپ، دېھلىدىكى جىيەنى ئالەمگىرخاننىڭ يېنىغا كېتىپ، تەختنى تارتىۋالغان ئوغلى

يولۋاسخان ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۆز تاغىسى، يەنى باباخان ۋە ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىلخاننىڭ سەئىدىيە تەختىگە چىقىشىنى قوللىغان. ئۇچتۇرپان باش ۋالىيسى ئىسمائىلخان جىيەنىنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ تەختكە چىققان ۋە پۈتۈن ئەلدە يەتتە يىل ئاسايىشلىق ئورناتقان.

ئەپسۇسكى، بىر يىل بۇرۇن باباخاننىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇشى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىشلەر، خانلىق ئىچىدىكى ساتقۇن كۈچلەرنىڭ سىرتقى دۈشمەنلەر بىلەن ھەمكارلىششى تۈپەيلىدىن، 1678 ـ يىلىغا كەلگەندە، سەئىدىيە خانلىقى غالدان باشچىلىقىدىكى قالماق جۇڭغار خانلىقىغا يېرىم بېقىندى خانلىققا ئايلىنىپ قالغان. غالدان قونتاجى ئەقىللىق سىياسەتچى بولغاچقا، ھەم خوجىلار بىلەن خان جەمەتى ئارىسىدىكى سۈركىلىشتىن پايدىلانغان، ھەم ئۇلارنى ئۆز ئارا بىر ـ بىرى بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغان. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر تەرەپ ئۈستىدىن مۇتلەق غەلىبە قىلىشىغا يول قويمىغان. ئەنە شۇ خىل سىياسەتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، غالدان 1680 ـ يىلى ئاتىسى باباخاننىڭ ئورنىدا لۈكچۈندە نائىپخان بولغان ئابدۇرېشىتنى ئافاق خوجىنىڭ ئورنىغا خان قىلىپ تىكلەپ، ئافاق خوجىنى «مەنىۋىي رەھبەر» قىلىپ قويغان. ئۇ خەلق ئىچىدە «ئاقباشخان» دەپ ئاتالغان. 33 ياشلىق غالدان 40 ياشلىق مۇھەممەتئىمىنخاندىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن غالدان مۇھەممەتئىمىنخاننىڭ چېشىغا تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇرېشىتخاننىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەختىگە چىقىشىغا رازى بولغانىدى. لېكىن، ئافاق خوجا بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، مۇرىتلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، 1682 ـ يىلى ئاقباشخاننى كۆزدىن يوقاتقان.

غالدان بۇنىڭدىن نارازى بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىشقا ئامالسىز قالغان. چۈنكى، ئۇ شۇ يىللىرى پۈتۈن موڭغۇللارنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چاررۇسىيە بىلەن بىرلىكتە مانجۇلارنى تىز پۈكتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. پايتەخت يەكەن ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەمىر بەگلەر ئافاق خوجىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، لۈكچۈندە ئاكىسىنىڭ ئورنىدا يۇرت سوراۋاتقان مۇھەممەتئىمىننى پايتەخت يەكەنگە تەكلىپ قىلغان. نەتىجىدە، ئۇ شۇ يىلى كۆزدە زور قوشۇن بىلەن يەكەنگە كەلگەن. ئافاق خوجا نائىلاج تەختنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. غالدانمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

مۇھەممەتئىمىنخان قەشقەردىكى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ ئافاق خوجىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئاكىسىدەك پاجىئەلىك ھالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى لۈكچۈندە تۇرۇپ، ئاكىسىنىڭ چوڭ ئوغلىنى يەكەندە خانلىق تەختىگە چىقارغان. بۇ دانا تاكتىكا ئافاق خوجىنى تاكى توققۇز يىلغىچە چارىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. چۈنكى، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا خوجىلارنىڭ تەسىرى ئاجىز، خان جەمەتىنىڭ نوپۇزى كۈچلۈك ئىدى. تارىم ۋادىسىدىكى ئەھۋال دەل ئەكسىچە ئىدى. بۇ جەرياندا مۇھەممەتئىمىنخان غالدان قونتاجىغا ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان پۇرسەتنى كۈتكەچ، ھەر جەھەتتىن ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا باشلىغان. ۋۇ چاغدا

غالدان پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىككىنچى چىڭگىزخان بولۇش ئۈچۈن شەرقتىكى موڭغۇللارغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىدى. چۈنكى، ئەمدى ئۇنىڭغا مەركىزىي ئاسىيادا رەقىپ بولغىدەك ھېچقانداق كۈچ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

مۇھەممەتئىمىنخان 1688 ـ يىلى يازدا ئۈچتۇرپانىدىكى بىر ئۇرۇشتا غالداننىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىگە تەھدىت سېلىش ئۈچۈن مۇقۇم قالدۇرغان 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى بىراقلا ئەسىرگە ئېلىپ، پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە زور شۆھرەت قازانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ «ئەبۇلمۇزەپپەر مۇھەممەتئىمىن باھادىرخان» دەپ ئاتالغان، ھەمدە شۇ يىلى كۈزدە يەكەندە رەسمىي ھالدا شاھانە مۇراسىم بىلەن خانلىق تەختىگە چىققان. چۈنكى، بۇ چاغدا خانلىق تەختىگە ئۇنىڭدىنمۇ لايىق بىرەر نامزات قالمىغان ئىدى.

مىلادىيە 1689 ـ يىلى ئاپاق خوجا غالداننىڭ مانجۇرىيە يۈرۈشىنى قوللاش ئۈچۈن سېلىق يىغىش جەريانىدا «بىر تەڭگىنى ئىككى تەڭگە» دەپ ئۇبۇروت قىلدۇرۇش ئىشىدا «بىرنى بىر دەيدىغان» خوتەن خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، يۈزىنى تۆكۈۋالغان. شۇ ۋەجىدىن ئۇ 1690 ـ يىلى خانىنىڭ سىڭلىسى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا تەلەپ قويۇپ، خانىنىڭ كۈيئوغلى بولۇش ئارقىلىق قايتا شۆھرەت تاپقان. خانمۇ بۇ تۇغقاندارچىلىققا ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمىگەن. ئاقىۋەت، 1692 ـ يىلى يازدا ئاپاق خوجىنىڭ ئەڭ قابىل بەش نەپەر نىقاپلىق كېچە قاتىللىرى مۇھەممەتئىمىنخاننى پىچاقلاپ شېھىت قىلغان. شۇنداق قىلىپ، خانلىق تەختى قايتىدىن خوجىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

مۇھەممەتئىمىنخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان 8 يىلدا خانلىق قايتىدىن قۇدرەت تېپىپ، ئاۋامنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغان. ھەتتا كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە سەئىدىيە خانلىقى قالماقلار ۋە خوجىلارنىڭ تىزگىنىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ، بۇرۇنقى شان ـ شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

قىسقىسى، مۇھەممەت ئىمىن باھادىرخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇدرەتلىك ۋە كۈچلۈك ھۆكۈمرانى ئىدى. ناۋادا، ئىچكى دۈشمەنلەر ئۇنى سۈيىقەست ئىشلىتىپ قەتلى قىلمىغان بولسا، سەئىدىيە خانلىقى بۇ سۇلتاننىڭ غەيرىتىدە يېڭىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەلگە ئايلانغان بولاتتى. چۈنكى، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمران غالدان قونتاجى 1690 ـ يىلىدىن باشلاپ مانجۇلاردىن يېڭىلىپ قېلىپ، دۆلىتى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئىدى. مەركىزىي ئاسىيادا قالماقلارنىڭ زەئىپلىشىشىدىن پەيدا بولغان بۇ سىياسىي بوشلۇقنى سەئىدىيە خانلىقىدىن باشقا خانلىقلار تولدۇرالمايتتى.



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2024 -يىلى 3– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 3 – ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2024-يىلى، 3-ئاي)

1-مارت:

پولشا گېزىتىدە «ياۋروپا مەجبۇرىي ئەمگەك جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ مېڭىۋاتىدۇ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنغان. ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكانىڭ بەش يىل ئىلگىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىنى خىتاي شەرقىي تۈركىستان يۈرگۈزۈۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتىگە قاراپ چىقىشقا چاقىرغان، نەتىجىدە، ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇ ھەقتە مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى قارارنى ئۆتتۈرىغا قويغان.

4-مارت:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋولكېر تۈرك «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ» دېدى ۋە خىتاينى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن قول ئۈزۈشكە چاقىردى. (رويتېرس ئاگېنتلىقى)

5-مارت:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش سېكرتارى ۋولكېر تۈرك خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ۋە تىبەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يولنى ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلغان. (ياپون ۋاقتى گېزىتى)

رۇس ئىنگرام تەرىپىدىن يېزىلغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېتىقادلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارشى ئۇرۇشى» ناملىق ماقالە زىمىستان قىش ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ماقالىدە خىتاينىڭ بۇ ھەقتە ئىشلىگەن جىنايەتلىرى بەزى رېئاللىقلار ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. (زىمىستان قىش ژۇرنىلى)

6- مارت:

ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەللىرىگە كىرىشىگە چەكلىمە قويۇشنى قارار قىلدى. (ئامېرىكا ئاۋازى)

7- مارت:

ماشىڭ رۆي «شىنجىداڭدا ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش مۇقەررەرلىكتۇر» دېدى. (رويتېرس ئاگېنتلىقى)

8- مارت:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى «تايلاند ئۇيغۇر سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى قويۇپ بېرىشى كېرەك» ناملىق بايانات ئېلان قىلدى. باياناتتا، تايلاندنىڭ 40 قا يېقىن ئۇيغۇر سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى تۈرمىلەردە تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، تايلاندنىڭ يېڭى باش مىنىستىرى سىرتھا تاۋىسىننىڭ تايلاند تۈرمىلىرىدە يېتىۋېرىپ ئۇنتۇلۇپ كېتى گىرداۋىغا دۇچ كەلگەن بۇ ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بېرىشىنى، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە خاتىرجەم ئورۇنلىشىشىدا

12- مارت:

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋولكىسۋاگىن ماشىنىسازلىق گورۇھىنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە ئالاقىدار ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆھبەتنى ئېلان قىلدى. (كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى)

14 ـ مارت:
ئامېرىكا ئاۋازى خەۋەر ئاگېنتلىقى «خىتاينى كىشىلىك ھوقۇقۇقا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى دېگەن ئەيىبلەش سادالىرى ياڭراۋاتقان پەيتتى دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ درون ياسىغۇچى شىركىتى ئامېرىكاغا كېڭەيدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە 2006 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ درون ياساش شىركىتىگە ئايلانغان خىتاينىڭ «DJI» درون شىركىتىنىڭ نيۇيوركتا تۇنجى مەخسۇس سېتىش دۇكىنى ئاچقانلىقى بايان قىلىنغان.

15 ـ مارت:

ئامېرىكا ئاۋازى خەۋەر ئاگېنتلىقى «ئۇيغۇرلار ئۆز مەدەنىيىتىنى جانلىق تۇتۇشقا تىرىشماقتا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە، گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى بايان قىلدى.

زىمىستان قىش تورىدا «ئابىدىن داموللام 96 يېشىدا خىتاي تۈرمىسىدە ۋاپات بولدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، ئاتۇشلۇق ئابىدىن داموللامنىڭ بەزى ئىش ئىزلىرى ۋە ۋاپاتى بايان قىلىنغان. ماقالىنى شۆھرەت ھوشۇر ئەپەندى ئىنگلىز تىلىدا يېزىپ ئېلان قىلغان.

19 ـ مارت:

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ 19 ـ مارت ئېلان قىلغان بايانatىغا كۆرە، ياپونىيە پارلامېنت ئەزالىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار ئاپتوموبىل شىركەتلىرى ئۈستۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

21 ـ مارت:
ئامېرىكا ئاۋازى خەۋەر ئاگېنتلىقى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنى يازمىچە ئېلان قىلدى. سۆھبەتتە دولقۇن ئەيسانىڭ كىشىلىك ھاياتى ۋە كۈرەش ھاياتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا بولغان. سۆھبەتتىكى «دولقۇن ئەيسا — خىتاي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتايدىغان، ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتايدىغان دىياردىكى — باللىق ھاياتىنى سۆزلەپ ئۆتتى» دېگەن جۈملە ئالاھىدە دىققەت تارتىدۇ.

25ـ مارت:

ئەتقىقاتچى رۇس ئىنگرام زىمىستان قىش ژۇرنىلىدا «ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ باستۇرۇشىغا شېئىرىيەت ئارقىلىق باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتتى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ماقالىدە ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان شائىر ئەزىز ئىسا ئەلكۈن بىلەن بولغان سۆھبەتلەر، تۈرمىدىكى شائىر ئابلەت بەرقىينىڭ بەزى شېئىرلىرى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن. (زىمىستان قىش ژۇرنىلى)

26ـ مارت:

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ تور ھۇجۇمىغا قارشىلىق بىلدۈردى.

BBC خەۋەرلەر ئاگېنتلىقى 26ـ مارت خەۋىرى:

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە مىنىسترلىرىغا قارىتىلغان ئىنتېرنېت ھۇجۇملىرىنىڭ ئارقىسىدا خىتاينىڭ بارلىقىنى رەسمىي رەۋىشتە ئېلان قىلغان. ئىككى كىشى ۋە بىر شىركەت بۇ ۋەقەدە قولى بار دەپ قارىلىپ جازاغا ئۇچرىغان.

ئەنگلىيە باش مىنىستىر ياردەمچىسى ئولىيۋېر دوۋدېن خىتاينىڭ ئۆزگە تەنقىدىي نەزەردە قارايدىغان ئەنگلىيەلىك مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا، شۇنداقلا قىرىق مىليوندەك ئەنگلىيىلىك سايلىغۇچىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تور ھۇجۇمى قوزغىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

خىتاينىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئەنگلىيە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بۇ ئەيىپلەشلىرىنى «تامامەن ئاساسسىز ئەيىپلەش» دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپ، بۇ خىل ئەيىپلەشلەرنى خىتايغا قارشى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان «يامان نىيەتلىك تۆھمەت» دەپ ئاتىغان.

بۇ ۋەقەدە جازاغا ئۇچرىغان ئىككى خىتاي پۇقراسى گۇمان زوڭ ۋە نى گاۋبىن بولۇپ، جازاغا ئۇچرىغان شىركەت ۋۇخەن شياۋرۇيجى پەن-تېخنىكا شىركىتى ئىكەن. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرەپ بۇ شىركەتنىڭ خىتاينىڭ «ئاكتىپ ھۇجۇمچى قورقىتىش گۇرۇپپىسى 31» ناملىق جاسۇسلۇق گۇرۇپپىسىغا تەۋە شىركەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى شەخسكە ۋە شىركەتكە قويغان جازاسى — ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى توڭلىتىش، ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشىنى ياكى تىجارەت قىلىشىنى چەكلەش، ھۇجۇمچى تەرەپنىڭ ئەنگلىيەگە كىرىشىنى چەكلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ئولىيۋېر دوۋدېن بۇ ھەقتە «ئەنگلىيە يامان نىيەتلىك تور ھۇجۇملىرىغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ ئولتۇرمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ دېموكراتىك سىستېمىمىزنى ۋە قىممەت قارىشىمىزنى قوغداش ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى» دېگەن.

دوۋدېن يەنە ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق خىتاي باش ئەلچىخانىسىنى خىتاينىڭ بۇ ۋەقەدىكى پوزىتسىيىسى توغرىسىدا جاۋاپ بېرىشكە چاقىرىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

رويېترس ئاگېنتلىقىنىڭ 26-مارتتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، يېڭى زېللاندىيەمۇ خىتاينىڭ يېڭى زېللاندىيە پارلامېت ئەزالىرىغا قارشى تور ھۇجۇمى قوزغىغانلىقىنى شىكايەت قىلغان.

27-مارت:

ئەركىن تۈنىياز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەتنى زىيارەت قىلغان.

ئاستانە ۋاقىت گېزىتىنىڭ 27-مارت كۈنى ئېلان قىلغان خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئەركىن تۈنىياز، 26-مارت كۈنى قازاقىستان پرېزىدېنتى قاسىم توقايېف بىلەن ئاستانىدە كۆرۈشۈپ يىغىن ئۆتكۈزگەن. قاسىم توقايېف ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قازاقىستاننىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. قاسىم توقايېف يىغىندىكى سۆزىدە خىتاينىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ قوشنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قازاقىستان خىتاي ھەمكارلىقىنى ئەڭ يۇقىرى رەۋىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئەركىن تۈنىياز مۇشۇ ھەپتىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا زىيارىتىدە يەنە، 28-مارت كۈنى ئۆزبېكىستاننى زىيارەت قىلىپ، ئۆزبېكىستان پرېزىدېنتى شاۋكەت مىرزىيايېف بىلەن كۆرۈشكەن. ئىككى تەرەپ خىتاي-ئۆزبېكىستان سودا ھەمكارلىقىدا 10 پىرسەنت ئېشىش كۆرۈلگەنلىكى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشكەن. شاۋكەت مىرزىيايېف ئۆزبېكىستاننىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى؛ يېڭى تېخنولوگىيە، دېھقانچىلىق، سۇ كۈچىنى باشقۇرۇش، ترانسپورت، بانكىچىلىق، مالىيە، مائارىپ ۋە ئەنئەنىۋي تىبابەت جەھەتتە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئەركىن تۈنىياز بۇ قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا زىيارىتىدە يەنە قىرغىزىستاننىمۇ زىيارەت قىلغان بولۇپ، قىرغىزىستان مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ رەئىسى، قىرغىستان سۇچىلىق ۋە دېھقانچىلىق مىنىستىرى بايىقىت توقابايېف بىلەن كۆرۈشكەن ۋە يىغىن ئۆتكۈزگەن. بۇ كۆرۈشۈشتە قىرغىزىستان خىتاي بىلەن تىجارەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە كانچىلىق ساھەلىرىدە يېڭى ھەمكارلىقلارنى ھاسىل قىلغان.

28-مارت:

شى جىنپىڭ «خىتاينىڭ تېخنولوگىيە تەرەققىياتىغا ھېچقانداق كۈچ پۈتلىكاشاڭ بولالمايدۇ» دېدى.

CNN خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 28-مارت خەۋىرى:

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ چارشەنبە كۈنى بېيجىڭدا گوللاندىيە باش مىنىستىرى مارك رۇتتى بىلەن كۆرۈشكەندە، مارك رۇتتىغا «تېخنولوگىيە جەھەتتە بىزگە پۇتلىكاشاڭ بولۇش، سانائەت جەھەتتىكى تەمىنلەش زەنجىرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش غەربزىدە بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۆلۈنۈشكە ۋە جىدەللىشىشكە يول ئاچىدۇ» دېگەن.

شى جىنپىڭ ئۇچرىشىشتا يەنە «ھېچقانداق كۈچ خىتاينىڭ تېخنولوگىيە تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولالمايدۇ» دېگەن.

خىتاينىڭ بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىشىدىكى سەۋەب، گوللاندىيەنىڭ ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بىر قاتاردا خىتاي بىلەن قىلىۋاتقان ئۆزئارا ئۈرۈشقا ئىشتىراكچى بولغانلىقىدىن ئىكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



روبېرت سىلۋېرس

ئامېرىكا ئانايۇرت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنباسار مىنىستىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ پائال قوللىغۇچىسى، ھۆرمەتلىك روبېرت سىلۋېرس ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

***The Uyghurs***

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



مىللەتنى ئۆزگەرتىش ئۆزنى ۋە ئائىلىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىنىدۇ.